مۇھەممەت ئىمىن

# شورپىشانە ئاشىق



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەممەت ئىمن

# شور پېشانە ئاشىق

(شېئىر ـ داستانلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# نەشر ياتتىن

مۇھەممەت ئىمىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئىمرەل ئاخۇن ئۇزۇن قىش ئاخشاملىرى ئوغلى مۇھەممەت ئىمىنگە ئاجايىپ قىزىق چۆچەك، مەسەل، تېپىشماق، جەڭنامىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، تۇنجى ئۇستاز سۈپىتىدە يازغۇچىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى ئويغاتتى.

مۇھەممەت ئىمىن 1954 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ئارال باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلىغىچە ياپچان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1960 ـ يىلىدىن 1963 ـيىلغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا، 1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، 1965 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن-
دىن كېيىن، 1975 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە، 1975 ـ يىل-
دىن 1990 ـ يىلىغىچە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى-
نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە، 1990 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە
مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى.
2000 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا يۆتكەلگەندىن
بۇيان كاتىپ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى شېئىر يېزىش بى-
لەن باشلاندى. 1963 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە «بەخت-
لىك بىر كۈن» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن
باشلاپ، 1966 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خېلى كۆپ شې-
ئىرلىرى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

مۇھەممەت ئىمىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا
ئاساسەن قولىغا قەلەم ئالمىدى. جۇت قىشنى قوغلىغان ئىللىق
باھار شامىلى شائىرنىڭ قەلبىدە قايتىدىن ئىجادىيەت قىزغىن-
لىقىنى ئۇرغۇتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخى-
رىدا شائىر يېڭى دەۋرگە بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببىتى
بىلەن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، «ئاسلان ئويغاندى»،

«مۇھەببەت ناخشىلىرى»، «پەسىل لىرىكىلىرى»، «[illegible] كاللا غۇنچىلار»، «جاسارەتلىك قوشكېزەك»، «باغۋەن سىڭلىمغا»، «ئۇل تاش بىلەن كاھىش» قاتارلىق شېئىر، داستان، باللادا، سېكىل ۋە مەسەللەرنى يازدى.

مۇھەممەت ئىمىن 1982 ـ يىلىغىچە ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن، 1982 ـ يىلىدىن كېيىن ئاساسەن مەسەل، ھېكايە، يۇۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭدىن بۇيان مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئۇنىڭ «رەيھان بەرگىدە شەبنەم»، «قارىغاي بىلەن تىيىن»، «ئۇچۇپ كەتكەن دۆلەت قۇشى»، «داغدا قالغان قىز»، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم»، «قورقۇنچلۇق ئاپەت»، «غەپلەت باسقان گۈگۈم»، «ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ»، «ئالۋاستىغا تەگكەن ساھىبجامال»، «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «ئۇمۇرتقىسىز ئەرۋاھ» (خەنزۇچە تاللانغان ھېكايە ـ يۇۋېستلار توپلىمى) قاتارلىق شېئىر، مەسەل ۋە ھېكايە ـ يۇۋېست توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

شائىر ۋە يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىننىڭ «بىر جۈپ لاي قورچاق» ناملىق مەسەلى 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بو-

يىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىـ ياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇ. كاپاتقا؛ «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ھېكايىسى 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يىگى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيە. تىدە 1 ـ دەرىجىلىك ھېكايە مۇكاپاتىغا؛ «ئاقۋەت» ناملىق ھېكايىسى 1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈل. گەن 3 ـ قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «غەپلەت باسقان گۈگۈم» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى مەملە. كەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىش. تى. «توشقان نېمە ئۈچۈن ئۆلدى»، «ئەركىننىڭ چۈشى» قاتارلىق مەسەللىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرس. لىكىگە كىرگۈزۈلدى. «ئاينۇرى»، «تورغاي»، «راست ۋە يالغان»، «قورقۇنچلۇق ئاپەت»، «مەردلىك، جىنايەت ۋە مۇھەببەت»، «ئامەتچوك ھەققىدە رىۋايەت»، «ئومۇرتقە. سىز ئەرۋاھ»، «ئازاب» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەتلىك «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇر.

يىلدا ئېلان قىلىندى. مەھەممەت پولات قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئۇنىڭ «رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ناملىق شې-ئىرلار توپلىمى، «جاسارەتلىك قوشكېزەك» ناملىق داستا-نى، «قارىغاي بىلەن تېيىن» ناملىق مەسەللەر توپلىمى، «سۆيگۈ سىنىقى»، «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى»، «مۇت-تەھەم باتۇر» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە «داغدا قالغان قىز»، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم»، «ۋىجداننىڭ نىمە دەيدۇ»، «ھال رەڭ چۈش» قاتارلىق پوۋېستلىرىغا خېلى يۇقىرى باھا بەر-دى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىي تەتقىقاتچى ئەكبەر قادىر «مۇھەممەت ئىمىن ئەسەرلىرى توغرىسىدا» ناملىق مەخسۇس تەتقىقات كىتابىنى يېزىپ، يازغۇچىنىڭ شېئىرىيەت، پروزا، مەسەل قاتارلىق ژانىرلاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق تەھلىل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. شۇنىڭدەك، يازغۇچىنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىنى «قىزغىنلىق ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجاد قى-لىش بىلەن ئۆتكەن ھايات» دەپ تەرىپلىدى.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ بەدىئىي ئىقتىدارى ۋە تالانتى ئە-دەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىلا كۆرۈلۈپ قالماي، ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ،

«ئاسما»، «ئوۋلاڭشەن تېغى»، «قوش بولاقتىكى ئاي شو-لىسى»، «فورۋېدانىڭ تەقدىرى»، «پوتېر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «ياشا ھەم ئىسگدە ساقلا»، «فىك شۆفىڭ مە-سەللىرى»، «سەرگەردان بالا»، «دۇنيادىكى مەشھۇر چۆ-چەكلەر»، «خەزىنە گىرۋەكلىرى ــ دۇنيادىكى مەشھۇر شا-ئىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «پۇشكىن شېئىرىي چۆ-چەكلىرى»، «قىزىل تام ئىچىدىكى دەققىلەر» (باشقىلار بى-لەن بىللە)، «چەت ئەل يۇمۇرلىرى» قاتارلىق داستان، كىنو سېنارىيسى، پوۋېست، رومانلارنى ھەمدە شېئىر، مەسەل ۋە يۇمۇر توپلاملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ تەرجىمە قىلغان بايرون، شىللېر، گېنرىخ گېينى، پۇشكىن، پوتېر قا-تارلىق دۇنياۋى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئوقۇرمەن-لەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ تەرجىمە قىلغان داڭلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ تاللانغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن «خەزىنە گىرۋەكلىرى» ناملىق توپلامغا ئوبزورچىلار «تىل ۋە تەرجىمە»، «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى»دە مەخسۇس ئوب-زور ئېلان قىلىپ، تەرجىمىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ تەر-جىمە قىلىپ ئىشلىگەن «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بې-لىق»، «مارجان»، «ئەيش - ئىشرەت سورۇنىنىڭ يىگى

نومۇرى»، «چاپان قىز»، «مىدوزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈرەكـ
كى يوق» قاتارلىق رادىئو دراممىلىرى مەركىزىي خەلق رادىـ
ئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىدا كۆپ
قېتىم ئاڭلىتىلدى ۋە ئاڭلىتىلماقتا. ئۇ يەنە «تيەنئەنمېن شې-
ئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ «ياشلىقتىكى
بىر غوۋغا» ناملىق تەرجىمە ھېكايىسى 1982 ـ يىلى ئاپتو-
نوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئە-
سەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛
ئۇ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگەن «چاپان قىز» ناملىق رادىئو
دراممىسى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رادىئو دراممىلىرىنى
باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئۇ تەرجىمە
قىلغان «سېغىنىش» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىر «تىل ۋە
تەرجىمە» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلار-
نى تەرجىمە قىلىش مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى.

ئوقۇرمەنلەرگە قىممەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز-
لۈكسىز تەقدىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارلىق شائىر، يازغۇ-
چى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەت ئىمىنگە 1985 ـ يىلى
كاندىدات ئالىي تەرجىمانلىق ئۇنۋانى، 1995 ـ يىلى ئالىي

مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ 1988 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىللىرىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ يەنە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن «جۇڭگو ھازىرقى زامان داڭلىق ياش شەخسلەر قامۇسى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر»، «جۇڭگو يازغۇچىلىرى لۇغىتى»، «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر» قاتارلىق مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق قامۇس ـ لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلدى.

مۇھەممەت ئىمىن كېيىنكى يىللاردا تۈرلۈك ئېقىملار تورغىسىدا بىرقەدەر چوڭقۇر ئىزدەندى، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى يارىتىش ھەققىدە كۆپرەك باش قاتۇردى. ئۇ ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق تىرىشىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق كۆزقاراش تۇرغۇزدى

ھەمدە بۇ كۆزقاراشنى كېيىنكى يىللاردا يازغان ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادىلىدى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى پايدىلىق ئىقىملارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىپ ۋە قوشۇپ يۇغۇرۇپ، مەلۇم خاسلىققا ئىگە ئوبرازلارنى يارىتىشقا قارىتىپ، ئۆزگىچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتتى.

مۇھەممەت ئىمىن تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئاممىنىڭ دەرد - ھالىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، مۇڭ - زارى ۋە يۈرەك ساداسىنى، ياشلار كۆڭۈل بۆلىدىغان غايە، ئەخلاق، خىزمەت، مۇھەببەت، ئائىلە قاتارلىق جىددىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە؛ جەمئىيەتنىڭ بەزى قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرنى جاق تويغۇزغان ناتوغرا ئىستىللارنى، چاكىنا، ناچار ئىللەتلەرنى، خۇنۇكلۇك، رەزىللىكلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىپ ۋە رەھىمسىز قامچىلاپ، ئۇنى تۈرلۈك ژانىرلار ۋە بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

1982 ـ يىلى نەشرىياتىمىز تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان ئىدى. قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا شائىرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان بىر قىسىم شېئىر، باللادا ۋە داستانلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئىشىنىمىزكى، كۈچلۈك مىللىي پۇراققا، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ۋە جۇشقۇن شېئىرىي ھېسسىياتقا تويۇنغان بۇ رەڭدار مىسرالار كەڭ شېئىر خۇمار خەلقىمىزنىڭ قەلب ئېتىزىغا خۇددى كۆكلەم يامغۇرىغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ بارغۇسى.

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار

نادان خوراز (مەسەل) ........................................ 1
باغ قىزى (مۇخەممەس) ........................................ 3
ئۈمىد يۇلتۇزلىرى (غەزەللەر) ........................................ 5
ياشلىقنىڭ ئۆتكەندە دېمىگىن ئىست ........................................ 14
مەنسەپچاننىڭ تەكلىپى (ساتىرا) ........................................ 15
پىشمىنى قاقفانلار كەتتىكىن قايان ........................................ 26
پادىچىنىڭ ئارزۇسى ........................................ 27
يۇلغۇن ۋە توغراق ........................................ 31
جاڭگالدا سەھەر ........................................ 33
يىڭناغۇچ ........................................ 36
كۆكۈم مەنزىرىسى ........................................ 39



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

پادىچى بىلەن پادا ........................ 41
باغلاقتىكى قوي ........................ 42
دىۋەك قومۇش ........................ 44
يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى ........................ 46
مەڭگۈلۈك زىددىيەت ........................ 52
ئوڭشالماس جاھان ........................ 53
نېمە دەپ يازاي؟ ........................ 54
خېرىدارسىز قەبرە ........................ 56
قورچاق ۋە ئارتىس ........................ 57
يىلان بىلەن چاق ........................ 59
ئارزۇ ۋە قانۇنىيەت ........................ 60
تەكلىپ ۋە نەتىجە ........................ 62
ئەيىب ۋە نومۇس ........................ 71
كېلىشىم ........................ 74
چېچەكلىسۇن دىلىڭدا باھار ........................ 75
تەۋسىيە ........................ 76
مىننەتسىز ئەسلەتمە ........................ 77
شائىر دوستۇمغا ........................ 78
ئۆلمەس ئىشتىياق ........................ 79

غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن ............... 80
بېشارەت ............................... 82
شاھزادە دەرياسى ........................ 84
بىر قىزنىڭ ھەسرىتى ..................... 91
چىگىش سوئال ........................... 92
يولۋاسنىڭ ئېلانى ........................ 93
پىلنىڭ سوئالى .......................... 94
شىر يېشەلمەيۋاتقان تۈگۈن ................ 95
كەپتەرنىڭ ئادىتى ........................ 96
تاشپاقىمۇ بىزار ......................... 97
كۆچۈكنىڭ ئېتىرازى ....................... 98
يىلاننىڭ ھەۋسى .......................... 99
توشقاننىڭ خىيالى ........................ 100
كىرپىنىڭ پەلسەپىسى ...................... 101
چۈمۈلىنىڭ ئىزاھاتى ...................... 102
پەرۋانىنىڭ باياناتى ....................... 103
تۆگىنىڭ ھەسرىتى ........................ 104
ئاغمىخاننىڭ چارىسى ....................... 105
ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ........... 106



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارغىماقنىڭ يۈرەك سۆزى ........................ 107
ئېشەكنىڭ ۋەسىيىتى ........................ 108
پاشىنىڭ مەنتىقىسى ........................ 109
ئىت ئېچىنار نېمىگە؟ ........................ 110
خورازنىڭ تەمەننىاسى ........................ 111
مېكىيانىنىڭ زارى ........................ 112
بۆرىنىڭ ۋەدىسى ........................ 113
كالىنىڭ نامى ........................ 114
قاغىنىڭ ئۆزىنى باھالىشى ........................ 115
مايمۇن ئويۇنىنىڭ سىرى ........................ 116
چاشقانىنىڭ ئىنساپى ........................ 117
ھۆپۈپنىڭ ئىقرارنامىسى ........................ 118
پالتىنىڭ شىكايىتى ........................ 119
سۈپۈرگىنىڭ دەردى ........................ 120
تۆگىقۇشىنىڭ پەمى ........................ 121
چۈشنىنىڭ ئۆكتەملىكى ........................ 122
ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئۇستاتلىقى ........................ 123
قۇشقاچ چۈشەنمەيدۇ ........................ 124
قەپەسنىڭ ئارزۇسى ........................ 125

ياستۇق خالار نېمىنى؟ ............................ 126
قۇرغۇيىنىڭ جاھاندارچىلىقى ............................ 127
ياغاقنىڭ گۇناھى ............................ 128
تۈلكىنىڭ يېڭى تەقسىماتى ............................ 129
ئوت چاچار دىنوزاۋىرنىڭ ماختىنىشى ............................ 131
رەڭنىڭ كۆز بويامچىلىقى ............................ 133
بىر دوستۇمغا جاۋاب ............................ 134
قايتىپ كەل ئامرىقىم، كۈتمەن سېنى ............................ 135
چېقىمچىغا ............................ 141
ئىككى يۈزلىمچىگە ............................ 142
بىر جانانغا ............................ 143
ئەسلىگە قايتىش ............................ 144
خوداغا ئىلتىجا ............................ 145
ھۆكۈم ............................ 146
كاج جاھان ............................ 148
تەتۈر پەلەك ............................ 149
سىگنال ............................ 150
بوۋاي چۈشەندى ............................ 151
گۇمان ............................ 152




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چۆل قەسىدىسى ........................ 155
نادامەت ........................ 159
مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار ........................ 162
شېرىن ئارزۇ ........................ 165
رەنجىمە، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق ........................ 166
كۈتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز ........................ 170
تەشۋىش ........................ 173
پىنھان سىر ........................ 175
كەمتەرىنىنىڭ كەمتەرلىكى (ساتىرا) ........................ 176
سەن ئۆلمىدىڭ، ئۆلمەيسەن ئەبەد ........................ 177
شىلتىڭچىغا ........................ 187
قەلب دەرياسىدىن ئۈنچىلەر (چاتما شېئىر) ........................ 189
مۇقەددىمە ........................ 189
سەپەر خۇشاللىقى ........................ 189
قەدىمكى ئاستانە ـــ شىئەن ........................ 191
يەنئەن ........................ 193
بېيجىڭ ........................ 195
دالىيەن ........................ 200
تيەنجىن ........................ 202

خاتىمە ........................................ 203
سېغىنىش كۈيلىرى ........................................ 204
ئاتا قەسىدىسى ........................................ 204
ئانا قەسىدىسى ........................................ 214
ئىنتىزارلىق ........................................ 225
ئۆتتۇق مۇشكۇل سىناقتىن (ناخشا تېكستى) ........... 226
ئۇجمە كۆكۈل ئەمەسمەن، بىراق ..................... 228
شور پېشانە ئاشىق ........................................ 229
شېرىن خىيال ........................................ 230
ھەسرەت ........................................ 231
ئۈمىدسىز ئارزۇ ........................................ 232
تاش يۈرەك يارغا ........................................ 234
سەھرادا مۇھەببەت ........................................ 236
قۇلۇلە تېرىدۇ بىر بالا غەمكىن ........................ 239
ئەپچىل تەدبىر ........................................ 241

# باللادا ۋە داستانلار

چۇش بېشارىتى (باللادا) ..................................... 245
مۇھەببەت داستانى (داستان) ............................ 260
ئىبرەت (داستان) ............................................ 264

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

# نادان خوراز

## (مەسەل)

سوقۇشدۇ ئىككى خوراز ھۇرپىيىشىپ،
قانغا بوياپ بىر ـ بىرسىنىڭ تاجىسىنى.
بازغىشىدۇ گاھى تېپىپ، گاھى چوقۇپ،
بەرمەك بولۇپ «رەقىبى»نىڭ جاجىسىنى.

تىللىشىدۇ كاركىرىشىپ بويۇن سوزۇپ،
سوقۇشۇشقا قالمىغاندا كۈچ ـ مادارى.
يىغىرىنى كېتەر بەزى كوچىلىشىپ،
چۈكتۈرۈشكە كەملىك قىلماس ئىقتىدارى.

كوپۇكلەشكەن تىنىم تاپماس ئىغىزىدىن،
تىل ـ ھاقارەت ئىس ـ تۈمانى چىقار پۇرقۇپ.
بۇلغىنىپ ساپ ـ سۈزۈك ھاۋا قىلار پەرياد،
قۇلىقىنى ئېتىپ مېكىيان قاچار قورقۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سۇرۇشتۇرسەڭ جەڭگە ـ جېدەل سەۋەبىنى،
ئانچە ئېنىق دەپ بىرەلمەس ئۆزلىرىمۇ.
شۇ ئايانكى، تالىشىدۇ ئابرۇي ـ ئاتاق،
بىر ـ بىرىگە ياقماس ھەتتا سۆزلىرىمۇ.

بولدى بىزار قولۇم ـ قوشنا تاپماي ئارام،
تاپا ـ تەنە ئىگىسىنى تويغۇزدى جاق.
«قىلىقىڭغا تويۇش!» دەپ ئۇ دەر غەزەپتە،
تۇتۇپ ئاۋۋال چار خورازنى، سۇردى پىچاق.

قارا خوراز غالىبلارچە قېقىپ قانات،
تەبرىكلىدى ھاياجاندا يەڭگىنىنى.
بىلمەمدىكىن نادان خوراز ئۆزىگىمۇ،
ئەمدى ئەجەل نۆۋىتىنىڭ كەلگىنىنى؟!

1981 ـ يىل 7 ـ ئاي، خوتەن.

# باغ قىزى

## (مۇخەممەس)

تولدى شاخ سەرخىل مېۋىگە غەيرىتىڭدىن باغ قىزى،
قاندى دىل مېۋىگە قوشقان شەربىتىڭدىن باغ قىزى،
بولدى سەل ئىلھام، ھېسابسىز نېمىتىڭدىن باغ قىزى،
ئېيتتى كۈي شائىر سۆيۈنگەچ ھىممىتىڭدىن باغ قىزى،
تۈزدى شوخ مىسرانى قۇرغا ھېكمىتىڭدىن باغ قىزى.

ئىدى بۇ تاشلارغا تولغان كەڭرى ساي بەش يىل بۇرۇن،
يەك تۈرۈپ كەلگەنچە ساينىڭ قويندىن ئالدىڭ ئورۇن،
كەتمىنىڭ، مۇشكۇلنى يەڭدىڭ، قاچسىمۇ بەزى ھورۇن،
شاننى يار قىلدىڭ بولۇپ ھەر بەيگىدە تالماس قۇلۇن،
بۇندا بىر بوستان يارالدى خىسلىتىڭدىن باغ قىزى.

نە ئىمىش بوستان، ئىرەمدۇر بارچە شاد يايرايدىغان،
شىرنىسى بالدەك ئۈزۈمنى ياغ كەبى چاينايدىغان،
ساپ تەرىڭ چوغدەك چېچەكلەر بەرگىدە چاقنايدىغان،
ھەر چېچەك ئىشقىدا بۇلبۇل بەرق ئۇرۇپ سايرايدىغان،
قالدى توز ھەيرەتتە كۆركەم جەننىتىڭدىن باغ قىزى.

پوستى چاك كەتكەن ئانارلار شۇنچە تەشنا قارىشىپ،
دەيدۇ: «ئۈز!» زۇمرەت يوپۇرماق ئارىسىدىن مارىشىپ،
تامچىتىپ شەربەتنى ئەنجۇر شاخقا گۈلدەك يارىشىپ،
ئېگىلەر مەيىن شامالدا ياپرىقىنى تارىشىپ،
ئالدى ئەل تىللانى ھەربىر كۆچىتىڭدىن باغ قىزى.

چاچسا زەر گىرۋەككە ئۈنچە شوخلىنىپ ئاققان ئېرىق،
شاۋقۇنى ئەيلەيدۇ ئىزھار مېھرىنى شۇنداق ئېنىق:
«قانچە يىل بولدۇق بۇرۇقتۇم زادى يوق ئەركىن تىنىق،
قولى گۈل ئاچقاندا ئاندىن ئالدى رەڭ رەيھان قېنىق...»
ئەل ئەمەس، كەۋسەرمۇ مەمنۇن خىزمىتىڭدىن باغ قىزى.

كىم ئاياغ باسسىكى بۇندا كەتكۈسى كەلمەس پەقەت،
ھەر كۆچەت، ھەر گۈل، كېپىنەك مەيلىنى تارتار قەۋەت،
نەغمىسى شادلىق ـ بەختىنىڭ دىلغا زوق، تەنگە مەدەت،
بەزمىسى قايناق ھاياتنىڭ قىزىغاي ئايەم سۈپەت،
ئايلىناي جەننەتكە بەرگەن زىننىتىڭدىن باغ قىزى.

ئاتىغاچ نۇرلۇق ۋەتەنگە مېھرى چوغ قەلبىڭنى سەن،
كۆزلىگەچ، ئۈنتۈپ ئۆزۈڭنى، بەختىيار خەلقىڭنى سەن،
چۆلنى گۈل قىلدىڭ ئورۇنداپ ئاخىرى ئەھدىڭنى سەن،
كەلسىمۇ مۈشكۈل سىناقلار تىك تۇتۇپ قەددىڭنى سەن،
رازى ئەل ھۆرمەتتە سۈنغان سوۋغىتىڭدىن باغ قىزى.

1981 ـ يىل 8 ـ ئاي، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# ئۈمىد يۇلتۇزلىرى

## (غەزەللەر)

### 1

قانائەت پاتقىقى چوڭقۇر، قىيىن چىقماق پېتىپ قالساڭ،
«كامالەت» ياستۇقىن قىرلاپ خۇدۇڭ بىلمەي يېتىپ قالساڭ.

بارار دولقۇن يېرىپ ئۆرلەپ بۈيۈك ئارزۇدا ھەمراھىڭ،
كېلەمدۇ شان يەنە قولغا، يېرىم يولدا ھېرىپ قالساڭ.

ئېچىنغاي ئەل، بويۇن تولغاپ سۇنۇپلا تۇنجى جامىڭنى،
ئەمەل، شۆھرەت، پاراغەتكە تەمە بىرلە بېقىپ قالساڭ.

پەقەتلا شۇمىدى سەندىن ۋەتەننىڭ كۈتكىنى، ئويلان،
كۆرەرسەن كۆپ يۈكۈڭ شۇنچە، ئۈمىد ئىشكىن ئېچىپ قالساڭ.

سېنى باققان نى ئارماندا بېرىپ ۋەتەن ـ ئانا ئاق سۈت،
قىلالمايسەن ئادا پەرزىڭ مەگەر پىستان چىقىپ قالساڭ.

www.uyghurkitap.com

ئىرادەڭنى كامان ئەيلەپ، ساداقەتنى قىلىپ گاڭ ئوق،
ھۇجۇمغا ئۆت، سېنىڭ قورغان، يۆلەك خەلقىڭ قېرىپ قالساڭ.

مۇساپەڭ بەك ئۇزۇن، مۇشكۇل، ھېرىش - چارچاشنى يات قىلغىن،
بۆسۈپ چاتقال نىشانغا يەت، ھودۇقماستىن ئېزىپ قالساڭ.

قانائەتنى يىراق قوغلاپ، شىجائەتتىن كەمەر باغلاپ،
تىرىش، ئىنتىل، ۋەتەنگە سۇن تېرىڭدىن دور تېپىپ قالساڭ.

ئالار پەخرى بىلەن تىلغا ئەبەد نامىڭنى ئەۋلادلار،
ئەگەر ئەجرىڭ بىلەن خەلقىڭ يۇرىكىگە يېقىپ قالساڭ.

2

تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا، شەھەر - قەلئەنى ئالساڭمۇ،
سىيلىپ لەرزىگە دۇنيانى زەپەر سازىنى چالساڭمۇ.

ئەمەس يول تۈز، غادايغانچە كۆزۈڭ كۆرمەس ئېگىز - پەسنى،
ئاتارسەن ئاخىرى موللاق گويا رۇستەم سانالساڭمۇ.

ئۆزۈڭنى قويمىغىن ئۈستۈن، ئۇلۇغ خەلقىم، شىپا مېھرى،
تاپارسەن چىن ھايات قايتا، كۆيىقايقا قامالساڭمۇ.

ئىسىل خىسلەت چاچار ئاپتاپ، دېسەك:«ئاددىلا خىش قويدۇم…»،
ئىجاد، ئەجرىڭدە ئالتۇندىن تالاي ئۇردىنى سالساڭمۇ.

قاچار ئابرۇي يىراق شۇنچە، ئۇنى قانچىكى قوغلاشساڭ،
كېلەر ئەلگە چاكار بولساڭ، تۆۋەن پەگادا قالساڭمۇ.

جامائەت ئەقلى زور ئوكيان، سېنىڭ تامچە نىهايەت، بىل،
يېگانە قاي ئىشىڭ ئاققاي، رىيا چەكسەڭمۇ ـ تالساڭمۇ.

ئامال قىلساڭ بېشىڭ كۆككە يېتەر بەلكى، بىراق زىنهار
قۇياش تەپتى بېرەلمەيسەن بولۇپ زەر نۇر، تارالساڭمۇ.

خۇدۇڭ بىلمەي قۇياشمەن دەپ كېرىلسەڭ گەر خاقانلاردەك،
بولارسەن كۇل، كۆيۈپ ئاخىر، ئۇيۇل گاڭدىن يارالساڭمۇ.

شۇڭا ئاۋۋال ئۆزۈڭنى بىل، رولۇڭنى توغرا مۆلچەرلە،
ئۇيات، قىلساڭ تەمەننانى، بولۇپ بىر گۈل تاقالساڭمۇ.

كۆرەڭلىكتىن كېچىپ، ئەل دەپ ئۇلۇغ قايىنامغا تاشلانساڭ،
تاپارسەن قەدىر ـ قىممەتنى پەقەت تامچە ئاتالساڭمۇ.

3

كۇنۇڭ ئۆتسە قېزىپ ئورا، كەچۈرمەيدۇ جاهان زادى،
كۆمۈلگەنلەر بوغۇپ گالدىن قويۇپ بەرمەس ئاسان زادى.

ئەزىز تۇپراق يارالمىشتۇر تېرىشقا دان، ئۈنۈشكە گۈل،
بىراق قىلدىڭ ئۈنى سەن ھالىڭ، ئېلىنماسقا خامان زادى.

قىلارسەن تەخ بوسۇغا، يول، ئېكىنزارغا يېپىق گوداڭ،
مەگەر كىمكى چۈشەر بولسا قىيىن چىقماق ئامان زادى.

ئاڭا ياندىن قاداق تەخسەڭ، غادايغانغا قىلىپ تەزىم،
ئەمەل، نەپ دەپ يالايسەنكى دېمەي بەتبۇي تاپان زادى.

گۇناھسىز گەۋدىگە دەسسەپ ئېگىز بالداقتا ئۆرلەيسەن،
بىراق توسماسمۇ ئەل قەھرى بولۇپ تىك تاغ ـ داۋان زادى؟!

ئۆتەر قانداق گېلىڭدىن كۆز يېشىنى مەي قىلىپ ئىچسەڭ،
ھارام ئاشتىن زەھەر ئەلا، قوشالماس جانغا جان زادى.

ئىناقسىزلىق، توپان ئىچرە روناق تاپقان قاچان خەلقىم،
تۈتۈشساق ئۆزئارا، قانداق يېمەي ياتقاي قاۋان زادى.

ئۈنتۈدۇڭمۇ، بوۋاڭ سادىر ئادالەت جېڭىدە زاھىر
بولۇپ ئەلگە جېنىن تىككەن دېمەي تارتتىم زىيان زادى.



ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەۋلادىسەن، بىلسەڭ، ئۇيات نەپسىڭنىلا دېسەڭ،
كۆيۈپ پۈتكەنمۇ شۇ چوغدا نومۇس، ۋىجدان، ئىمان زادى.

سېنى كىممۇ دېگەي ئادەم، بولالمساڭ ھاشاراتچە،
ئېزىپ قوۋمنى چاقمايدۇ يىلان، ھەتتا چايان زادى.

بىراق سەن بىر ئۆزۈڭنى دەپ ئۇرارسەن مىڭغا نەشتەرنى،
شۇڭا ئۆلسەڭ زېمىن بەرمەس قەبىرلىككە ماكان زادى.

كىمكى ئورنى قازسا چۈشەر ئاخىر ئۆزى تەھقىق،
ياغار ئەل نەپرىتى تاشتەك ئۈستىلەپ بى گۇمان زادى.

مۇبادا يانمىساڭ بالدۇر خۇيىڭدىن، توۋا ـ داد ئەيلەپ،
چۆكۈپ لەنەت دېڭىزىغا بولارسەن غەرق شۇئان زادى.

4

پەلەككە تەلمۈرۈپ باقما، خۇراپاتتىن نىجادلىق يوق،
نادانلىق سۆيدە ئاقما، ئىلىمسىز گاڭ قاناتلىق يوق.

جاھالەت قاپلىسا ئەلنى، دېدۈق «ئاللا!» پۈكۈپ بەلنى،
بىراق قانچە ئەسىر ئۆتتى يەنە ھۆرلۈك ـ ئازادلىق يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

نېمە كەلدى ئىبادەتتىن؟! قۇتۇلدۇقمۇ ئاسارەتتىن؟!
چېكىپ كەلدۇق ئازاب ـ كۈلپەت، ۋەتەندە ھېچ ئاۋاتلىق يوق.

سائادەت نۇرلىرى ئاخىر قىلىچىنىڭ بىسىدىن ھازىر
بولۇپ ئەلگە تارالغاندا دېدىلەر:«بۇنىسىز مۇرادلىق يوق...»

ئېچىلدى كۆك كەبى كۆكلۈك، ماڭدى يەن كانىغا ئوغلۇك،
ئۇزاتتىلەر دەپ: «گۆھەر قازساڭ ئۆتەرسەن يەندىياتلىق يوق...»

يېتىلدى ئۇ بولۇپ ئالىم، رىيازەتتىن يېمەي ۋايىم،
زېھنىدىن دۇر تۆكەر پەسلى بالا ياغدى، ھىماتلىق يوق.

بۇزۇقلار خارلىدى چەيلەپ، قارا چاپلاپ نوپۇزلۇق دەپ،
قازا تاپتى ئەلەم بىرلە يېگى تۆھپە، ئىجادلىق يوق.

جۇشەنمەي قايمۇقۇپ شۇ دەم، يەنە «ئاللا» دېدىلەر يەپ غەم،
بېرىپ نەۋرەڭنى موللامغا ئىزىپسەن، ئېھتىياتلىق يوق.

يىلاندەك چىرمىسا سەللە، ئاشار قانداقمۇ ئۇ پەللە،
ئۆتەر ئۆمرى قارا ھاڭنىڭ ئىچىدە ئىجتىھاتلىق يوق.

سىيىت نوچى قىنى چاچراپ، نادانلىققا كىپەن راسلاپ،
قوپۇپ كەتكەن ساۋاق ئاچقىق، يىنىدا بىر ساۋاتلىق يوق.

بۇنى مەڭگۈ تۇتۇپ ئەستە، گاراڭلىقنى قويۇپ پەستە،
پۈتۈن ئالەمگە كۆز سالساڭ، يېشىلمەس تىلسىماتلىق يوق.

بۇگۈن ئاي پەرىسى ـ غىلمان قىلار سەيياھنى شاد مېھمان،
بىراق بىزلەر ئېشەك ھەيدەپ ئۆتەمدۇق كەشپىياتلىق يوق.

«خۇدانىڭ قىسمىتى بىرلە قازا قىلدى بالام...» دېمە،
دېمە تەقدىرمۇ، ئوغلۇڭنى يېدى تۆت جىن ئۇياتلىق يوق.

ئۇلار ئاخىر ئېتىپ موللاق، توزۇپ كەتتى بولۇپ توزغاق،
ياراتتى خەلق بۈيۈك تارىخ، سوراغىدا كاساتلىق يوق.

بوۋا، ئويغان،يولۇڭنى تاپ، قالاق دىنىي تىكەننى چاپ،
ۋەتەن گۈللەر ئىلىم ـ پەندىن، خۇدادىن ئىلتىپاتلىق يوق.

خۇدا سالماس ئىدى ئاپەت، بىرەي دېسە ساڭا ئامەت،
قولۇڭدا، بىل، بەخت ـ تەقدىر، كۈرەشسىز كۈلكە ـ شادلىق يوق.

سەبىي نەۋرەڭ ئازاد بولسۇن، دىلىغا پەن نۇرى تولسۇن،
ئىلىمسىز ئەل قارا جاڭگال، گۈزەل پارلاق ھاياتلىق يوق.

ئەمەس بىز كەم ئەقىل ھەرگىز، سېلىپ شاندىن مارسقا ئىز،
ياسايمىز توي، بولۇپ غالىب، يېڭىلمەكلىك ـ ماماتلىق يوق!

www.uyghurkitap.com

## 5

كۆزۈڭنى ئاچ، گۈزەل، پارلاق يېڭى دەۋرانغا باق ئەمدى،
كېلەچەك چىللىغان جەڭگە كىرىپ كۆكرەكنى ياق ئەمدى.

ئۆتۈپ كەتتى بولۇپ چۈشتەك قارا باسقان قاباھەت تۈن،
نۇرانە تاڭدا رەنادەك كۈلۈپ چاچقىن پۇراق ئەمدى.

قارا، غەيرەتتە ئۇچماقتا زەپەر تۇلپارىدا مەردلەر،
يۈرۈشكە ئۈندىسە دوستۇڭ پەقەت بولما قاچاق ئەمدى.

بىراۋنىڭ ئەجرىدىن سەمرىپ ياشىماقتىن نومۇس ئىش يوق،
ئۆزۈڭ ئىشلەپ ھالال تۆككەن تەرىڭ قەنتىنى چاق ئەمدى.

يېسە ھۇرۇن ناۋات، ئىشچان كاچات، «تووۋا» دېدىڭ، ياتتىڭ،
قوپۇپ ئۆرلە بولۇپ لاچىن، يولۇڭدا يوق توساق ئەمدى.

چېقىلدى داشقازان، قىلما تەمە ئوپچى ئۇماچ بار دەپ،
سۇيۇق ئاداپ، قۇرۇق لاپقا بولامدۇ گول قوساق ئەمدى.

ھۇرۇنلۇقتىن نېمە كەلدى؟ بولۇپ سۇسىز ئېرىق ئۆتتۈڭ،
ئەجىر ـ مېھرىڭنى ئاققۇزغىن قىلىپ ئەلگە بۇلاق ئەمدى.

ئىشقنى ۋايىغا يەتكۈز، بىلگىنى ئەرچە چىك باغلاپ،
ناۋا قىل باغ ياساپ، دەشتتە چېكىپ يۈرمەي پىراق ئەمدى.

ئەزىز ئوغلان، دېگەي خەلقىم سىلاپ باشىڭنى ھۆرمەتتە،
ئۆتەر بولساڭ ئەگەر كەلسە خەتەر ـ مۈشكۈل سىناق ئەمدى.

كۆتەر تەشنا يورۇق ئىقبال، ئېچىپ قويىننى جانانىدەك،
يېتەرسەن ۋەسلىگە، ئۈچساڭ، ئەمەس مەنزىل يىراق ئەمدى.

1981 ـ يىل 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ياشلىقنىڭ ئۆتكەندە دېمىگىن ئىسست

ياشلىقنىڭ ئۆتكەندە دېمىگىن ئىسست،
بەگۈۋاشلىق ئارمانىنى قىلغۇسى بىتچىت.
ئارمانسىز ئۆتمەن دۇنيادىن دېسەڭ،
يۈرىكىڭ چوغىدا خەلقىڭنى ئىللىت.

ياشلىقنىڭ ئۆتكەندە دېمىگىن ئىسست،
پۇشايمان ئۆمرۈڭگە قويغۇسى چېكىت.
قازسەن يىگىندە ئەجداد قۇدۇقى،
مۇشكۇل ـ خەۋپ ئالدىدا بولساڭ مەرد يىگىت.

ياشلىقنىڭ ئۆتكەندە دېمىگىن ئىسست،
ئارزۇغا غەيرەتتىن گاڭ قانات بېكىت.
تىرىشساڭ ئاچسەن ئالتۇن خەزىنە،
ئۆزۈڭنىڭ قولىدا ھېكمەتلىك كىلىت.

1982 ـ يىل 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# مەنسەپجاننىڭ تەكلىپى

## (ساتىرا)

كېلىپ قاپسىز، باشلىق، پىكىر ئېلىشقا،
نامزاتلارنى تارازىغا سېلىشقا.
چېكىپ تۇرۇپ تاللانمىسا ياخشىسى،
بولماس پەقەت زەپەر سازى چېلىشقا.

بولۇش كېرەك رەھبەردە پەم ـ پاراسەت،
رەھبەر دېگەن نامغا لايىق سالاپەت.
ئۆتۈپ گېپى، كېسەر ئاندىن پىچىقى،
ئاقار ئىشمۇ ئېقىن سۇدەك كارامەت.

رەھبەر يەنە چوڭقۇش كېرەك ئامىغا،
يېتىپ دائىم چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھالىغا.
رەھبەر بولسا سىزدەك بولسا، كۆيۈنسە،
ئاتا ـ ئانا كۆيۈنگەندەك بالىغا.

ئەي مۆھتەرەم باشلىق، قىلسام لىللا گەپ،
خاتا تاللاپ قالماڭ ھەرگىز پۇشمان يەپ.
ئاڭلىشىمچە، نامزاتلىققا بەزىلەر،
كۆرستىپتۇ ئەمەتنىمۇ بولار دەپ.

قابىل ئىمىش، دادىل ئىمىش ھەمدە ياش،
ماڭالايمىش بىزنى باشلاپ بولسا باش.
راست گەپ قىلسام بۇيرۇماسىز ئەيىبكە،
ئۇ سايلانسا ئاۋۋال سىزگە ئاتار تاش.

بويىنى قاتتىق گەدەنكەش ئۇ، بىر دېمەڭ،
ئۇنى ـ بۇنى چۇقار تېرىپ جېدەل ـ جەڭ.
سىلكىشلەيدۇ كۆزگە ئىلماي باشلىقنى،
ئارقىسىدىن ئىشلىتىدۇ ھىيلە ـ رەڭ.

دىل ئاغرىتىپ توروك ـ توروك سۆزلەيدۇ،
خوش دەپ تۇرسا ئاندىن ياخشى، ئۆز دەيدۇ.
يەكلەر تېخى، بولسا باشقا پىكىردە،
ھەممە ئىشتا ئۆز نەپسىنى كۆزلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

چوڭراق ئىشلار كەلمىگەچكە قولىدىن،
كاۋاك ئىزدەر باشقىلارنىڭ ئۇلىدىن.
هېچ كىشىنى كۆزگە ئىلماس گېدىيىپ،
«مېنىڭ توغرا!» دەيدۇ يانماي يولىدىن.

توسۇن ئاتتەك هەر يان چېپىپ شاپاشلاپ،
كۆرەڭلەيدۇ يوق ئۇتۇقنى هاپاشلاپ.
قاقشىتىدۇ جەزمەن سىزنى بوي بەرمەي،
هاكاۋۇرلۇق ياستۇقنى باغاشلاپ.

«پېشقەدەملەر قاتمال···» دەيدۇ تەپ تارتماي،
«يول بوشاتسۇن!» — دەيدۇ تېخى: — «جىم
ياتماي···»
هوقۇق تۇتسا ئىش كۆرەرمىش باشقىچە،
پىشقان تۇرۇم - يوسۇنلارنى ياراتماي.

ئۇ باش بولسا بىزنى نەگە باشلايدۇ؟
ئەپ بۇلۇمنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ!
يامانلارنى ئېلىپ قانات ئاستىغا،
ياخشىلارنىڭ كۆزلىرىنى ياشلايدۇ.

شۇڭا ئۇنىڭ قابىللىقى قۇرۇسۇن،
شاللاقلىقى ـ دادىللىقى قۇرۇسۇن!
ياشلىقى ياش، تەجرىبىسى كەم بىراق،
كۆزى كورنىڭ مايىللىقى قۇرۇسۇن!

سەمەتنىڭمۇ ئەيىبى كۆپ، يارىماس،
ئۇسال بولغاچ ئاڭا ھېچكىم قارىماس.
ئەقەللىيسى بىلمەس رەتلىك يۈرۈشنى،
ئايدا ھەتتا چېچىنى بىر تارىماس.

ئوتتۇز يەردىن يامالغاندۇر چاپىنى،
يىرتىق كەشتىن كۆرۈندۇ تاپىنى.
پەرق قىلمايدۇ قەلەندەردىن ئانچىلا،
چىراي ئاچماس يار قىلغاندەك خاپىنى.

ئۆتۈپ كەتكەن بىر گومۇش ئۇ، مۆرىمەس،
سۆرەمپالاس، تەپمىگۈچە تەۋرىمەس.
شجائەتتىن بولماس ئېغىز ئاچقىلى،
«جانلىق»، «جۇشقۇن» دېگەن سۆزنى بىلمەس،

بەس.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تاشپاقنى ئەسلىتىدۇ سۇرئىتى،
كەسمەس پىچاق، يوقتۇر قىلچە جۇرئىتى.
ئويلاپ بېقىڭ، چۈشمەس كىممۇ نەزەردىن،
بولالمىسا دەۋرىمىزنىڭ بۇركىتى؟

ئۇنى «سالماق»، «ئاددىي ـ ساددا» دېگەنلەر،
تەخسكەشلەر ـــ ئاش ـ تۇزنى يېگەنلەر.
كۆزلەيدۇ نەپ، دۇرۇس ئەمەس نىيىتى،
ئۆستۈرمەكچى گۈل ئورنىغا تىكەنلەر.

نوپۇزى يوق، يۈز ـ ئابرۇيىسىز بۇنداق زات،
رەھبەر بولسا قايىل بولماس ئاما پات.
ئۇيۇشمايدۇ، چېچىلىدۇ قۇم كەبى،
ھەركىم بېشى قايغان ياققا سالار ئات.

غەلىبە قانداق قولغا كېلەر ئۇ چاغدا؟
ھەسرەت چېكىپ قالمامدىمىز بىز داغدا؟
يۈرەمدىمىز باياۋاندا سۆرۈلۈپ،
باشقىلار شاد تۇزسە بەزمە گۈلباغدا؟

شۇڭا بولماس ئۆستۈرۈشكە سەمەتنى،
تاشلىمايلى بەك ئالدىراپ بىلەتنى.
يېشىمۇ چوڭ، چىرىپ كەتكەن پور كۆتەك،
تۈۋرۈك قىلساق ياغدۇرالماس بەرىكەتنى.

ئىپى باردەك قىلار مەمەت دەپ قالماڭ،
سۆز - ھەرىكىتى، سىرتىغىلا سەپسالماڭ.
ياخشىچاق ئۇ، كۆز بويامچى، بەتنىيەت،
گۇرۇھۋازلار سۆزلىرىگە ئالدانماڭ.

ياسىنىدۇ سەتەڭ قىزدەك، قورچاقتەك،
ئىزا تارتماي ئەر تۇرۇپمۇ توپاقتەك.
پارقىرىتار كۆندە بەش رەت مايلاپ كەش،
ئۇچ ۋاق قىرار ئېڭىكىنى سوپىماقتەك.

پىچاق بىسى دەپ قالسىز شىمنى،
قويماي ئالار يېڭى چىققان نېمىنى.
ئىسراپ قىلار، بۇزۇپ چاچار يەپ - ئىچىپ،
يەكشەنبىدە ئۇزۇلمەيدۇ مېھمىنى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەشپياتنى قالپاق قىلىپ ئۇرۇپ لاپ،
ئەتراپىغا ئادەم توپلار كۇسۇرلاپ.
دەيمىش تېخى:«بۆسۈپ يېڭى ئۆتكەلنى،
ۋەتەنگە شان كەلتۈرىمىز بىھېساب···»

ماھىيەتتە گۇرۇھ بولغان ئۇيۇشۇپ،
رەھبەرلىككە قارشى پىلان قۇرۇشۇپ.
ھوقۇق تارتىش غەرىزىنى چىرايلىق —
سۆز ـ ئىبارە پىچىتىگە ئۇرۇشۇپ.

ئاز دېگەندەك مودا سۆزلەپ ئالداشنى،
يانغا تارتار نەپ بېرىپ كۆپ يولداشنى.
بەزىلەرگە پۇل تەڭلەيدۇ خەجلەڭ دەپ،
بەزىلەرگە توشۇيدۇ گۆش ـ ئوتياشنى.

بىلىسىزغۇ ئايشەمخاننى، تۇل ئايال،
بالىسى ئۈچ، ئۆتەر كۈنى قەدىر ھال.
ئەھۋال ئېيتسا قاراپ تۇرماس رەھبەرلىك،
ياردەم پۇلى تەستىقلايدۇ، يوق ھايال.

بىراق مەمەت ئۇنى يولدىن ئازدۇرۇپ،
سىزگە قارشى قىلىپ قويىدى، تازدۇرۇپ.
يۇقىرىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈردى،
قۇتقۇزۇشنى ئۆزى بىرىپ، چاندۇرۇپ.

كۆمۈرنىمۇ توشۇپ بىرەر ئۆيگە،
بانا تېپىپ قاتراپ بەش رەت كۈنگە.
ئارىدىكى مۇناسىۋەت بى نورمال،
«ئەر - خوتۇنمۇ؟» دەيسىز بىقىپ پەيلىگە.

مەمەتنىمۇ ئويلاشمايلى شۇ ئىلاشقا،
ياخشى نامزات كۆرستەيلى بىز باشقا.
ئوتتۇرا ياش، تازا پىشىپ يەتمىگەن،
ئۇ سايلانسا ئۇسسۇيمىزغۇ تام - تاشقا.

داۋۇت، ساۋۇت، ئاۋۇتلارمۇ بولمايدۇ،
دەگسەپ باقساق شەرتكە زادى تولمايدۇ.
رەھبەرلىككە سادىق كىشى سايلانسا،
ئامەت گۈلى ئاندىن مەڭگۈ سولمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ھەق سۆزلىسەك، ئالساق مېنى مىسالغا،
ئولتۇرىمەن ھەرقانداق جىلغ ـ مىسقالغا.
چۈشىنىسىز، سىزگە مايىل يۈرىكىم،
بىلىك قاراپ دوكلات قىلغان ئەھۋالغا.

ئىدارىدا نېمە گەپ بار، دەپ تۇردۇم،
ئۆز ۋاقتىدا مەلۇماتنى ئەپ تۇردۇم.
گەدەنكەشلىك ئەدىپىنى بەرسۇن دەپ،
يېنىڭىزغا كۈندە ئون ۋاق كەپ تۇردۇم.

سۆرەمپالاس، يا، شاللاقمۇ ئەمەسمەن،
كۆز بويامچى، ياخشچاقمۇ ئەمەسمەن.
يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىم جايىدا،
ئۆپكىسى يوق قوڭالتاقمۇ ئەمەسمەن.

ئىستىلىم پاك، دىلدا چاك يوق قىلچىلىك،
ئۆلاردەك نام قوغلاشمايمەن ئۇنچىلىك.
تاپقىنىمغا شۈكۈر دەيمەن، ياۋاشمەن،
خىزمەت دېسە غەيرىتىم بار پىلچىلىك.

خەقلەر يامان دەيدۇ ئادىل سۆزلىسەم،
رەھبەرلىكنىڭ ئابرۇيىنى كۆزلىسەم.
شۇڭا مېنى كۆرسەتمەيتۇ كۆرەلمەي،
دادىل تۇرۇپ ئەگرىلەرنى تۈزلىسەم.

ئىشىنىڭكى، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن،
نەگە بارسام سىزنى ماختاپ ــ داڭلايمەن.
تۈزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقار خەق،
ئەمەس ئۇنداق نامەرد ــ دوقا ماڭلاي مەن.

قانداق ئىشقا بۇيرۇسىڭىز پەمىم بار،
چاپ دېسىڭىز تۆمۈر تاپان ــ چەمىم بار.
خېلى ــ خېلى ئىشلار كېلەر قولۇمدىن،
ئون بەڭۋاشقا تېتىغۇدەك تەمىم بار.

مەن سايلانسام تاپتىن چىقماي چاپاتتىم،
سىزنى قوللاپ يېڭى قوشاق قاتاتتىم.
پىكىر قىلىپ، كىم ئالايتسا سىزگە كۆز،
نەپرىتىمنى ئوقيا قىلىپ ئاتاتتىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزنى مەڭگۈ ئۆلگە قىلىپ، چېچەكلەپ،
شىرىن مېۋە بېرەر ئىدىم ئېتەكلەپ.
ئېغىشماستىن ماڭار ئىدىم ئاممىنى
سىز كۆرسەتكەن مەنزىل تامان يېتەكلەپ.

ئىدارىدا ئۆتمەي قالماس سۆزىڭىز،
چۈشسە مەندەك خىل نامزاتقا كۆزىڭىز.
شۇڭا باشتا كۆرۈك مېنى ئويلىشىپ،
قالغىنىنى گاچ تۇغرىلاپ ئۆزىڭىز!...

1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا قەشقەردە يېزىلدى.
1987 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا تۈزىتىلدى.

# پېشمنى قاقىانلار كەتتىكىن قايان

ئۆرلىدىم ئېگىزگە پەلەمپەي ئاتلاپ،
قونمىدى پېشمگە زەررە توپا ـ چاڭ.
قاتمۇقات چەمبىرەك قىلىنىپ ھاسىل،
ياڭرىدى ھەرياندىن يېقىملىق ئاھاڭ.

تۇيۇقسىز دوملاپ چۈشتۈم ئېگىزدىن،
يۆلەپمۇ قويمىدى بىر ئادەم كېلىپ.
پېشمنى قاقىانلار كەتتىكىن قايان،
ياكى يەر يۇتتىمۇ قەھرى يېرىلىپ؟

1988 ـ يىل 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# پادىچىنىڭ ئارزۇسى

پادىچى جاڭگالغا باسقاندا ئاياغ،
تەۋرەندى سالام دەپ يۇلغۇن چىچىكى.
مەرھابا، دىيىشتى ئېگىلىپ يانتاق،
مۇھەببەت، ھۆرمەتكە تولدى ئىچكى.

«خۇش كەپسىز!» دەپ تورغاي زەڭگەر
ئاسماندا،
پادىچى نىيگە قىلدۇ تەڭكەش.
بۇلۇتتەك يىيىلىپ قويلار ھەرياندا،
دولقۇنلۇق دېڭىزدەك ياسايدۇ ئۆركەش.

شەبنەمدە يۇيۇلغان ئوت ئۇچى تاتلىق،
قوزىلار ئۈزۈشۈپ يەيدۇ بەس ـ بەستە.
پادىچى قەلبىدە بىر ئالەم شادلىق،
تويمايدۇ پادىغا قاراپ ھەۋەستە.

«چۈشۈمگە كىرمەيتتى» دەيدۇ سۆيۈنۈپ:
«شۇنچە كۆپ قوي ماڭا نېسىپ بولار دەپ.
بىر چاغلار تۇغرام گۆش ئوتتەك كۆرۈنۈپ،
تەلمۈرۈپ، تامشىتىپ قالغان لەۋ چىشلەپ...»

مەڭزىنى چوغ كەبى كۆيدۈرۈپ ئۆتەر،
ئۇنچىدەك دومىلاپ چۈشكەن كۆز يېشى.
ئۇ بۈگۈن - ئەتىنى كۆڭلىگە پۈكەر،
يوقسۇزلۇق دەردىدە قاتمايدۇ بېشى.

ئۇ قامچا ئوينىتىپ ھەيدەپ پادىنى،
سۈيى مول ئوت - چۆپلۈك جايغا باشلايدۇ.
بىر ئوتلۇق ئارماندا قايناپدۇ قېنى،
خورسىنىپ يىراققا نەزەر تاشلايدۇ.

يەتكۈزگەن ھەيۋەتلىك مەسچىت قۇببىسى
نەچچە يۈز ئورغاق ئاي بېشىنى كۆككە.
ۋە لېكىن مەكتەپنىڭ سۇنۇق پارتىسى،
ئوخشايدۇ ئۆيلىرى يىرتىلغان بۆككە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بالىلار ئوقۇشسىز يۈرەر تەمتىرەپ،
بۆشۈككە بۆلەيدۇ ئەرزان ئاۋازى.
زارلايدۇ گاڭگىراپ سۈرە ھەجىلەپ،
بىر چەتتە تاشلىنىپ قالغان پەن سازى…

پادىچى قەلبىدە قەد كۆتۈرەر دەس،
پادىسى ئورنىغا مەكتەپ بىناسى.
ئۇنىڭدىن ئورغاق ئاي قالار مىلك گەز پەس،
قۇياشتەك نۇرلىنار بوغۇن سىماسى…

مەست بولۇپ پادىچى شىرىن خىيالدىن،
تەسەۋۋۇر ئېتىنى دەرھال بۇرايدۇ.
خۇش خەۋەر يوللايدۇ ئۇچقۇر شامالدىن:
كامالجان مەكتەپنى گۈلگە ئورايدۇ…

※ ※ ※

ئۇ قامچا ئوينىتىپ ھەيدەپ پادىنى،
سۈيى مول ئوت ـ چۆپلۈك جايغا باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئۇتلۇق ئارماندا قاينايدۇ قېنى،
شادلىنىپ يىراققا نەزەر تاشلايدۇ.

1988 ـ يىل 8 ـ ئاي، قەشقەر ــ ئارال.

# يۇلغۇن ۋە توغراق

يۇلغۇن بىغەم
ئۆسدۇ چۆلدە
چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ـ ياشىرىپ.
توغراقمۇ ھەم
ئۇستۇبىشغا يىشىل تون كىيىپ.
ياشايدۇ بىللە
ئاگا ياندىشىپ.

يىللار ئۆتۈپ،
قۇملار كۆچۈپ
ئۆتكەندە ئەسىر؛
ۋەيران بولۇپ
غۇلاپ چىقىلىپ
ئايلانغاندا خارابىلىققا
نەچچىلەپ قەسىر؛
توغراق يىقىلىپ
قۇمنىڭ ئاستىدا

قالار بىسلىپ.
يۇلغۇن بوي ئەگمەي
رەھىمسىز يىللار بورانلىرىغا
ھەيۋەت قەد كېرىپ؛
چېچەكلەيدۇ،
باراقسانلايدۇ،
ئۆزىگە تېخىمۇ قىنىق رەڭ بېرىپ.

دېھقانلار بەزەن
شېخىنى كېسىپ
ياسايدۇ ئارا
ئوتتا ـ قوقاستا
پۇچۇلاپ ئېگىپ.
كەتمەن ــ پالتىغا
قىلىدۇ ساپلىق.
ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەر ئۇنى
ئەۋلادمۇئەۋلاد تەۋەررۇك قىلىپ.
يۇلغۇن ئاشۇنداق
پىششىق ـ چىداملىق،
توغراقتەك ئاسان كەتمەيدۇ قىرىپ.

1988 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر ــ ئارال.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جاڭگالدا سەھەر

تورغاينىڭ يېقىملىق جۇشقۇن ناۋاسى،
ئۇركىتىپ يۇلتۇزنى قاچۇردى يىراق.
گۇم بولدى زۇلمەتلىك تۈننىڭ تاماسى،
پەم بىلەن ئاي ئاستا ئۆچۈردى چىراق.

يىرتىلدى ئۇپۇقنىڭ كۆل رەڭ جىبىكى،
ئۆرلىدى جۇلالاپ ئوت يايلىلىق شار.
تاراسلاپ چاپقاندا ئوت شار كېيىكى،
چاقنىغان زەر نۇرغا ئاسمان كەلدى تار.

قىيغىتىپ ئۆتكەندە مەيىن شوخ شامال،
قىياقلار بەرگىدىن ئىرغىدى شەبنەم.
ياۋا گۈل جىلمىيىپ ئاچىدۇ جامال،
ئالەمچە گۈزەللىك ئاڭا مۇجەسسەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

توغراقلار ياپرىقى داپ چالسا خۇشال،
يۇلغۇنلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ لەرزان.
بەزمىنى قىزىتار قىلىپ بىر ئامال،
يانتاقلار ياندىشىپ ئىغاڭلاپ ھەر يان.

يىراقتىن ئۈن قوشۇپ نەرە تارتىدۇ،
ھەيۋەتلىك شارقىراپ بەشكەن① دەرياسى.
سۈت رەڭ سۇس تۇماندىن چۈمبەل ئارتىدۇ،
قىرغاقتا باش قويغان ئارال② دالاسى.

مەجنۇنتال تولغىنىپ سۆيىدۇ ئاستا،
نۇر جىلۋە ئەيلىگەن سۇنىڭ بېتىنى.
قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ ئېيتىدۇ ناخشا،
بويلىشىپ دەريانى، جاڭگال چېتىنى.

مامكاپلار ئىنساندىن ئۆرنەك ئالغانمۇ،
نېچۈنكى مۇڭلىنىپ سۈرىدۇ خىيال؟
يالغۇزلۇق دىلىغا ئازاب سالغانمۇ،
بۇزۇلغان چۈشىدە تاپالماي ۋىسال؟

① قەشقەر تەۋەسىدىكى بىر كىچىك دەريا.
② قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزا ئىسمى.

سۆرەيدۇ ئادەمنى سوئال قوينىغا،
مۇڭ، شادلىق چىرماشقان ئىككى خىل ھالەت.
يۈگمەچ يامىشىپ جىگدە بويىنىغا،
ئىزدەيدۇ ئەتراپتىن يېڭى كارامەت.

توپ ـ توپ قوي پادىسى توزان توزىتىپ،
ھەيۋەتلىك قياندەك ئېقىپ كېلىدۇ.
ھىجرانلىق كېچىنى ئاران ئۆزىتىپ،
جاڭگالغا باغرىنى يېقىپ كېلىدۇ.

دەيسەنكى، پەرىلەر جاڭگال تېگىنى
تەبرىكلەپ چاچقانمۇ مەرۋايىت چاچقۇ؟
ھەممە ياق يالتىرار يەپ كۆز يېغىنى،
شور رەڭگى بەئەينى كۈمۈش رەڭ ئاق قۇ.

جاڭگالنىڭ سەھرى ھاياتتەك گۈزەل،
ھەرقانچە قارىساڭ كۆزۈڭ تويمايدۇ.
بۇلاقتەك ئۇرغۇيدۇ يالقۇنلۇق غەزەل،
چۈنكى جىم تۇرۇشقا كۆڭۈل قويمايدۇ.

1988 ـ يىل 10 ـ ئاي، قەشقەر ــ ئارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يىگناغۇچ

هەيران قالدىم، بىر يىگناغۇچ باش ئېلىپ
تەنها قىچىپ بېرىۋاپتۇ جاڭگالغا.
قونۇۋاپتۇ ئاق يانتاققا كىرىلىپ،
كەلدىكىن ئۇ زادى قانداق خىيالغا؟

بۇ يەردە يوق شەھەردىكى ئاۋاتلىق،
بۇ يەردە يوق ئەتىرگۈلنىڭ ئىپارى.
بۇ يەردە يوق نە خاپىلىق، نە شادلىق،
بۇ يەردە يوق مەشۇقىنىڭ دىدارى.

بۇ يەردە يوق سۆزۈك كۆللەر، بۇلاقلار،
بۇ يەردە يوق مەجنۇن تاللار جۇلاسى.
بۇ يەردە يوق ئالما، ئۆرۈك، ياڭاقلار،
بۇ يەردە يوق بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى.

بۇ يەردە بار قاغجىراق چۆل، ئاق شورلۇق،
بۇ يەردە بار سۇسىز يۇلغۇن تەشناسى.
بۇ يەردە بار سولغۇن چىراي قومۇشلۇق،
بۇ يەردە بار پاتمىچۇقلار غوۋغاسى.

بۇ يەردە بار چوغدەك تونۇر قىسمىتى،
بۇ يەردە بار ھۆركىرىشى بورانىنىڭ.
بۇ يەردە بار بۆرە، تۈلكە دەھشىتى،
بۇ يەردە بار چىرقىرىشى قاۋانىنىڭ.

ئويلاپ قالدىم، يىگىناغۇچنى مۇنچىلا
مەپتۇن قىلغان چۆل ـ جاڭگالنىڭ نېمىسى؟
بولغانمىدۇ باغدىن بىزار شۇنچىلا،
قالغانمىدۇ يا ئېلىشىپ مېڭىسى؟

چوڭقۇر خىيال قاينىمىدا يادىمغا،
يېتىپ قالدى شەھەردىكى مۇنداق ھال:
بۆكسىمان تور باغلاپ تورچى خادىغا،
تۇتار ئىدى يىگىناغۇچنى بى ھايال.

ھە، چۈشەندىم، تاللاپتۇ ئۇ يارىتىپ،
چۆل بولسىمۇ تۈزاقچى يوق ماكانىنى.
قويماقچىدۇ بەلكىم يەرگە قارىتىپ،
نەپسى بالا قاپقانچىنى، قاپقانىنى!...

1988 ـ يىل 10 ـ ئاي، قەشقەر ــ ئارال.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈگۈم مەنزىرىسى

پەردە يايدى گۈگۈم چەكسىز جاڭگالغا،
جىمىپ قالدى بوز تورغاينىڭ سايرىشى.
سۇس قىزغۇچ رەڭ قوندى ئوت ـ چۆپ،
داڭگالغا،
پادىچىنىڭ باشلاندى مال قايرىشى.

يىراقلاردا كۆكۈچ نۇرلار چاقنايدۇ،
ئاڭلىنىدۇ ئاچ بۆرىنىڭ هۇۋلىشى.
قوزىچاقلار ئەنسىز مەرەپ تاقلايدۇ،
ئاڭا مەدەت پادىچىنىڭ توۋلىشى.

زىرەك تايغان قۇلىقىنى دىڭگايتىپ،
هەر شەپىگە قۇلاق سالار دىققەتتە.
خىرىس قىلىپ چىشلىرىنى هىڭگايتىپ،
بۆرە تامان قاۋار پات ـ پات شىددەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گاھ ھاي ـ ھايلاپ، گاھ ئىسقىرتىپ
پادىچى،
پادا ھەيدەپ دەريا تامان قىمىرلار.
كەچكى شەپەق جىلۋە قىلغان سۇ بېتى،
قوي ئەكسىنى داۋالغۇتۇپ جىمىرلار.

قوي ـ قوزىلار سۇغا قېنىپ تويۇنۇپ،
يانار كۆجۈم مەھەللىگە دۈپۈرلەپ.
«ھاردۇق ئېشى» ئېتىپ كېلىن ئۇخشىتىپ،
پادىچىنى كۈتۈپ تۇرار رەڭ تۈزەپ.

1988 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر ـــ ئارال.

# پادىچى بىلەن پادا

پادا دەيدۇ:

— مەڭگۈ خۇشال، ئەركىن يايرىساق،
ئوت - چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك ئىسسىق جايلاردا.
بۆرە نەسلى قۇرۇپ كەتسە، غەمسىز ياشىساق،
چىمەن ياپقان تاغ باغرىدا، يېشىل سايلاردا.

پادىچى دەر:

— ئالسام تېزرەك پادامنى بورداپ،
سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى بولۇق جايلاردا.
پۇلغا تولسا چۆنتىكىم، قوي قاسساپقا يارىپ،
ئىشقى - بۇرنۇم مايلانسا ھەم قۇيرۇق مايلاردا.

1988 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر — ئارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

# باغلاقتىكى قوي

ماختىنىدۇ باغلاقتىكى قوي،
پادىدىكى قويلارغا قاراپ.
ــ ئىگەم مېنى ئەتىۋارلايدۇ،
قالدىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياراپ.

كۈن چىقماستا قىرغا باغلايدۇ،
چىم، يۆگىمەچ يەيمەن تويغۇچە.
ئايدىڭدا يەم بېرىدۇ ئايرىم،
يەيمەن ئېغىزنى بىكار قويغۇچە.

قازان كەبى يوغىناپ شۇڭا،
لىغىرلايدۇ قۇيرۇقۇم لەرزان.
مېڭىشلىرىم خۇددى بەگزادە،
ھېچكىم مېنى ئالالماس ئەرزان.

ئاھ، سىلەرچۇ؟

قورايدەك ئورۇق،

بويىنۇڭلار خۇددى ئىنچىكە تاناپ.

لاپ گەپ ئەمەس، قوۋۇرغاڭلارنى

بىرەلەيمەن خاتاسىز ساناپ...

پادىدىكى قويلار ئىچىنار،

باغلاقتىكى قويغا كۆز تاشلاپ:

ــ ئاڭا ئەگەشكەن ئاپەت سايىسى

كۆپتەك سەمرىگەن كۈندىن باشلاپ.

ھەي ئىنسان!

ئۇنى قاقباش ئىگىمىز،

قويماس ھەرگىز بىكارغا بورداپ.

بوغۇزىغا پىچاق تەڭلەيدۇ

قۇربان ھېيتتا پۇتىنى باغلاپ...

1988 ـ يىل 10 ـ ئاي، قەشقەر ــ ئارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# دېۋەك قومۇش

«توشقاننى قومۇش ئۆلتۇرەر،
ئادەمنى نومۇس.»
ـــ ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

چەكسىز جاڭگال قىلىنىپ قامال
ياتار ئاق شور قوينىدا ئۇخلاپ.
ئېگىز ـ ئېگىز قومۇشلار ئۇندا
ئۆسكەن يۇلغۇن، يانتاقنى قورشاپ.
ئۇ مىسالى ھۆكۈمران خۇدا،
قول شىلتىيدۇ ئاق ساقال سىيپاپ.
ئۇزۇن قۇلاق، ئاق كۆڭۈل توشقان
قومۇشلۇقنى ئەيلىگەن ماكان
ئۆزىگە غەمگۇزار ـ پاناھ ھېسابلاپ.
بىراق، ناتىۋان بىچارە توشقان

يېسە قومۇشنى قۇرۇپ بەدەشقان؛
قورسقىنى تېخى بولماستا توقلاپ
قىلدۇ ئۇنى جېنىدىن جۇدا
ئۇچەي باغرىنى مۇجۇپ ـ ئازابلاپ.
ئۇنىڭ ئەكسىچە كەلسە يىراقتىن
كەلسە پايپاسلاپ كالانىپاي كالا
ئۆزىنىڭ داردايغان تۇياقلىرىدا
قومۇشنى ۋەيران ئەيلىسە خارلاپ؛
قومۇش ئۇنى پالۋان دەپ قاراپ
توققۇز تەزىم كەلتۈرۈپ بەجا،
ئۇنىڭغا جېنىنى قىلدۇ پىدا
يالماپ يەڭ دەپ ھەريان ئىغاڭلاپ.
دېۋەڭ قومۇش مانا مۇشۇنداق
ئۆزىگە چىن ھەمراھ بولغاننى
ئۆلتۈرەر بوغۇپ ـ رەھىمسىز قىيناپ.
ئۆزىنى چەيلەپ ۋەيران قىلغاننى
بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەر ماختاپ...

**1988 ـ يىل 10 ـ ئاي، قەشقەر ـــ ئارال.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى

## (بىر ئىشاننىڭ ئېيتقانلىرى)

«يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى!»
جىم تۇرۇڭلار گېپىمنى ئاڭلاپ.
كۆپۈكلىشىپ كەتتى جاۋغىيىم،
كالۋالاشتى بۇ ئۆتكۈر تىلىم،
تولا ۋەز ئېيتىپ يېنىش ـ يېنىشلاپ.
كۈچ ـ ماغدۇرۇم تامام تۈگىدى،
يىلىكىمنىڭ تېگى قۇرىدى،
دىلىمنى قايغۇ ـ ھەسرەت ئورىدى،
بولۇپ قالدىمۇ ئالجىغان باخشى،
شال ـ تۇكۇرۇكۇم ھەر يانغا چاچراپ؟
بىراق ھېچكىم تىڭشاي دېمەيدۇ،
قۇلىقىغا ماز تىققانمۇ نىقتاپ؟
يېگۈدەك بولدۇم غەزەپكە كېلىپ،

يۈرىكىمنى ھەسرەتتە تىلىپ،
ئۆز گۆشۈمنى تىتىپ - پارچىلاپ.
بولسا شۈنداق چوڭ كارامىتىم،
ئاڭا تۈشلۈق نام - سالاپىتىم،
ھەممە قۇلاققا چوڭ كاناي باغلاپ،
كونىلىقنىڭ قەدرىگە يەت دەپ،
يېڭىلىقنى جەزمەن تەرك ئەت دەپ،
ۋارقىرايتتىم مۇرتلارنى باشلاپ.

هارۋا شۈنداق ئېسىل نەرسىدى،
ھەيران قالسەن ماڭسا تاراقلاپ.
ئارغىماقلار كىشنەپ - چاپچىشىپ،
تۇپاق - ئۆكۈزلەر سوك - سوك قاتىرىشىپ،
ئېشەكلەرمۇ بوش كەلمەي ھاڭرىشىپ،
سۆرەيدۇ قاتساڭ كۆتەك ھارۋاڭنى،
توشۇيدۇ هارماي يۈك ۋە ئالۋاننى،
قاقشىما ئانچە سۈرئەت ئاستا دەپ،
مېڭىۋەرسەڭ قورساققا توق يەپ،
كەتمەيدۇ مەنزىل قېچىپ - يىراقلاپ.
هارۋا شۈنداق تۈرسا بىخەتەر،

نەدىن چىقتى ئاپتوموبىل ـ پىكاپ؟
ھەر رەت ئالدىمدىن ئۆتسە غۇيۇلداپ،
يۈرىكىم ئەنسىز جىغىلداپ كېتەر،
كەلگەندەك باشقا چوڭ خېيىم ـ خەتەر؛
ئامانلىق تىلەپ قىلساممۇ دۇئا،
بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، غۇلاپ،
ئۆگتۈرۈلۈپ، كۆيۈپ ـ يالقۇنجاپ،
ئېلىپ كەلدى مۆمىن ئىنسانغا
بىھېساب ئاپەت، خەتەر ۋە ئازاب.

ئايروپىلانغۇ تېخىمۇ بەتتەر،
بىر پارچە تۆمۈر ئۇچار غارقىراپ.
بۇ پۈتۈنلەي شەيتاننىڭ ئىشى
ئۇچالامدۇ قاناتسىز كىشى؟
«ئۇچار تەخسە»، «ئالەم كېمىسى»
دېگەنلىرى زادى نېمىسى؟
ئىنسان ئەقلى يەتكەيمۇ ئويلاپ؟!
ئاھ! نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان،
كەپقالدىمۇ يا ئاخىرقى زامان،
تۇيدۇرماي ئاستا بىزگە يېقىنلاپ؟!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى

«يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى!»
بىرەلەيمەن بۇنى ئىسپاتلاپ.
يېڭى نەرسىغۇ ئالەم ئۇچقۇسى،
دېدۇق ئالدىراپ: «زەپەر قۇچقۇسى!»
تۇرۇۋالماي ئەمدى موم چىشلەپ
نەتىجىسى قانداق بولدى دەپ
باقمايسەنغۇ ئاكاڭدىن سوراپ؟
ئۇ، تەڭرىنىڭ قەھرىگە ئۇچراپ
ئاسمان قەرىدە گۇم بولدى پارتلاپ[1]
يېڭىلىقنى شۇنداق ئۆتتى قامچىلاپ.

تووۋا دېگۇلۇك ياقىنى چىشلەپ،
ئويلانغۇلۇق ساقالنى سىيپاپ.
يېڭىلىق دەپ نېمە ئاۋارە،
بەندە دېگەن ئاجىز ـ بىچارە،
شۈكۈر قىلماقتىن يوق ئۆزگە چارە.
پاراسەتلىك ئاتا ـ بوۋىمىز
تۈزگەن قائىدە، ياسىغان ئەسۋاب

[1] 1986 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ پارتلاپ كەتكەن «خىرىس» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

مۇقەددەستۇر چىقىلىپ بولماس،
ئۇنىڭسىز ئىتەك مىڭىگە تولماس،
تەنتەكلىك بىزنى قىلغۇسى خاراپ.
ئىشەك ئۇستىدىن چۈشمىسەك ئەبەد،
بەخت ـ سائادەت كېلىدۇ قوشلاپ.
جايىنامازدىن قوپمىساق پەقەت،
دۇئا ـ تىلاۋەت بولۇپ ئىجابەت،
چۆللەر گۈلىستان بولىدۇ ياشناپ.
مەسچىت قۇببىسى يەتسە پەلەككە،
يېتىمىز كۆتكەن ئارزۇ ـ تىلەككە،
بولسا بارچە مەكتەپلەر خاراب.
ياش بوغۇنلار يادلىسا سۈرە،
موللا ئالدىدا تۇرۇشۇپ ئۆرە،
شۇندا تاپقۇسى دىيانەت، ئىنساپ.

«يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى!»
دەيمەن مەڭگۈ يېنىش ـ يېنىشلاپ.
پەلتو، شلەپە سىغمايدۇ كۆزگە،
ياخشىسى يوق چەكمەندىن ئۆزگە،
كۆرەك تۇماقنى كىيەيلى قىرلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

تۆت چاسا شېئىر، رۇبائىي، غەزەل،
قېلىپقا چۈشكەن، ئاجايىپ گۈزەل،
يېڭىلىرى چىقمىسۇن بىخلاپ.
ئەي بەندىلەر، بولۇڭلار سەگەك،
قولغا توقماق ئېلىڭلار بىردەك،
يېڭىلىق تېخى يايماستا ئېتەك،
بۆشۈكىدىلا قويايلى مىخلاپ!...

1989 ـ يىل 6 ـ ئاي، قەشقەر — ئارال.

# مەڭگۈلۈك زىندىيەت

ئۇ ئاۋارە تورنى يېيىپ دان سېلىپ،
قۇش ئاۋارە توردىن قېچىپ جان ئېلىپ.

1989 ـ يىل 6 ـ ئاي، قەشقەر ـــ ئارال.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوخشالماس جاھان

ئانا يىغلار يۈرەك پارى دەردىدە،
بالا يىغلار سۆيگەن يارى دەردىدە.

1989 ـ يىل 6 ـ ئاي، قەشقەر ــ ئارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نېمە دەپ يازاي؟

پارلاق تاڭ نۇرىدىن قامىشىپ كۆزى،
داد سېلىپ، ئۆمىلەپ قاچقان ئۇ بەدەر.
ئارىدىن مۇقەددەم قىرىق يىل ئۆتۈپ،
قايتتى ئۇ يۇرتىغا كەتتى دەپ خەتەر.

ئۇ كەلدى،
ياش تۆكۈپ كىمدۇر پېشىنى
كۆزىگە سۈرتتى شات، «تۇتىيا» دېدى.
قىزغىنىپ باشقىسى سۆيدى ئاياغنى،
«ياق، بۇ زات مۇقەددەس ئەۋلىيا» دېدى.

بۇ ھالدىن خىيالىم ئۇچتى يىراققا،
ئۆتكەن كۈن ئالدىمدىن ئۆتتى تىزىلىپ.
قۇلىقىم تۇۋۇدە ياڭرايدۇ نالە،
ئەسلىسەم كېتىدۇ يۈرەك ئېزىلىپ...

دېيشەر كىملەردۇر چۆرىدەپ ئۇنى:
«ئاز كېلەر شەنىگگە شېئىردىن دۇر قازسام...»
كۆزەتتىم،
ئويلىدىم،
خىيالىم چىگىش،
باب كېلەر مەن ساڭا نېمە دەپ يازسام؟!

1989 ـ يىل 10 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خېرىدارسىز قەبرە

«ئىڭگە!» بىلەن ھاياتىمنى باشلىدىم يەردە،
يىغا، كۈلكە قىلدى جىلۋە ئۆمۈرلۈك تەردە.
قوغلىۋەتتى يىغا ئاخىر كۈلكىنى يەنە،
خېرىدارسىز قالدى قەبرەم پۈتسىمۇ زەردە.

1990 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، بېيجىڭ.

# قورچاق ۋە ئارتىس

كېلىپ قالدى قورچاقلارغا ھەۋەسىم،
ئۇسسۇللىرى شۇنداق لەرزان، ئەۋرىشىم.
قىلىقلىرى ئاندىن تاتلىق، يېقىملىق،
ئويناق كۆزلۈك، ئوماق چىراي، خۇش پىچىم.

جېنى باردەك پىرقىرايدۇ تىنىمسىز،
ئەمەس زادى ھېچ ھەرىكەتتى رىتىمسىز.
ئەسىر قىلغان چاغدا سوراق دىلىمنى،
چۈشتى كۆزۈم تاناپ يىپقا تۇيۇقسىز.

قىزىقىشىم كۆتۈرۈلدى ئەۋجىگە،
ئۆتتۈم ئاستا ياندىن سەھنە كەينىگە.
باقسام، ساپتۇ شوخ ئارتىسلار ئۇسسۇلغا،
قورچاقلارنى كۆندۈرۈپ ئۆز مەيلىگە.

يىپىنى تارتسا پىرقىراركەن بىتىنىم،
ھەرىكەتلىرى شۇنداق لەرزان، ئەۋرىشىم.
قورچاقلارغا ماھارەت ۋە جان بەرگەن،
ئارتىسلارغا كېلىپ قالدى ھەۋىسىم.

1990 ـ يىل 4 ـ ئاي، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com

# يىلان بىلەن چاق

چار يىلان يولۋاسنى ئۆلتۈردى چېقىپ،
توستى يول قىنىغا پاتماي كېرىلىپ.
ھەيۋىلىك كۈشۈلداپ چاچسىمۇ زەھەر،
ئۈچقۇر چاق ئاستىدا كەتتى مىجىلىپ.

1990 ـ يىل 6 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئارزۇ ۋە قانۇنىيەت

ھال رەڭ چېچەك پېچىرلايدۇ باھارغا،
شامىلىڭدا گۈل ھۆسنۈمنى بۇزما دەپ.
سولىشىپ ئۇ تورزۇپ كېتەر ئاز ئۆتمەي،
شاخ ـ شاخلارنى شېرىن مېۋە ئىگىلەپ.

ئاي چىراي قىز نازى بىلەن قارايدۇ،
ئاي چىرايىنى ئاي كۆرسەتكەن ئەينەككە.
ئىلتىجاسى لەيلەپ قېلىپ سامادا،
مۆكچىيىدۇ يەتمەي كۈتكەن تىلەككە.

قىران يىگىت ئات ئويىنىتىپ كېلىدۇ،
كېزىپ ئۈمىد دالاسىنى ئارمانسىز.
يىل پەنجىدە سۇنۇپ خىيال قامچىسى،
چاچ ـ ساقىلى قىرو باغلار، دەرمانسىز.

ئارزۇ گۈزەل، قانۇنىيەت رەھىمسىز،
ئاستا - ئاستا يېقىنلايمىز قەبرىگە.
قورقۇنچلۇق ئەمەس ئۆلۈم، قالدۇرساق،
ئەقلىمىزدىن يېقىپ چىراغ نەۋرىگە.

1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەكلىپ ۋە نەتىجە

1

تەكلىپ
ئۇچقۇندىغان قار ئۇچقۇنلىرىدەك
كەلمەكتە ئۇچۇپ.
كونا چۆشەكتە
چۆشەكەشكە ئۆگەنگەن كۆڭۈل
چۆچۈپ ئويغىنىپ
ئالدى ئەندىكىپ باغرىغا بېسىپ
توي تارتقاندەك خۇشاللىق قۇچۇپ.

2

كەتتى قەلىمىم
يېڭى پەدىگە

يورغىلاپ دەسسەپ.
مەيلىدىغۇ
كەتمىسە سۇنۇپ
ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولدىكى
ئازگاللىغا سەكرەپ.

3

هەي!...
تۇتامسىز ئىلھام
نېمە بۇ ئۆرە قىلغىنىڭ
يېرىمى ياخشى، يېرىمى يامان؟
قەھرىمان قەھرىماندەك بولۇشى كېرەك
سەجدە قىلسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا
ئالۋاستى ئەمەس
ھەتتاكى شەيتان!

4

ئەقىدەمنى چۇشەپ چەمبەرچاس
سالا ئارقىنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«خوپ» يايلىغا ئېسىلدىم شۇئان.
يارالدى
ھېچ ئېۋەنسىز
بىر زەبەردەس قەھرىمان.
كۆسەيلىك قوشۇن
نەرە تارتىپ بولدى پەيدا!
كۆتۈردى غوۋغا
تۇشمۇتۇشتىن كېلىشتى قاپساپ.
نەدە بار بۇنداق مۇكەممەل ئىنسان؟
ئادەم دېگەندە بولىدۇ نۇقسان.
بۇتمۇ بۇ
ۋە ياكى ئىلاھ؟
قالدىم تېڭىرقاپ.
تەپەككۇرۇم ئۆڭكۈردە
ھوۋۇلدايدۇ تولغىنىپ
ئېزىتقۇ بوران.

5

قەھرىمانىم

قازان كۆمتۈرۈلگەندەك زۇلمەت كېچىدە
يۇچىلىنىپ كۆنلەش ئىچىدە
توي چۈشكىدە
ياش يىگىتنى قانغا بوياپ
ئېلىپ قاچتى پەرىزات قىزنى
ئالداپ نەپ بىلەن.
قىلىندى تۇتقۇن
بىگۇناھ ھېكايە قۇرلىرىغمۇ
سېلىندى كىشەن.
يىغلايمۇ ئاخىرقى چېكىتكە قاراپ
بۇقۇلداپ قاقشاپ؟

6

ئويغان!
دەۋرمە ئەمدى
ئاتنى ئات، ئېشەكنى ئېشەك.
كەلدى ئۈزۈپ غەۋۋاسلار بۇيان
يېڭى ئېقىم دەرياسى بويلاپ.
قارىماقتا دۇربۇندا ساڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بولمساڭ ئاگاھ

ئۇندۇرەر چېچەك

ئۆزگىچە يول تاپ.

7

بىلمىدىم

ئاق كۆڭۈل خىيال

بولغانمىكىن ئەلچى ــ خالىس زات.

قالدى تېپىشىپ

بۇلۇڭدا ئاخىر

ئېشەك بىلەن ئات

تۆرەلدى قېچىر.

كۈلدى جامائەت

ياپىر

نېمە بۇ

ئوخشىمسا ئات ياكى ئېشەككە ھېچبىر؟!

قېچىرمۇ ئۆكۈنۈپ ـ ئۆكسۈپ

كۆتۈردى پەرياد.

## 8

ھېسسىيات، ئەخلاق، مىزان
خۇددى قىشنىڭ ئاپتىپى
ئۆزگىرىشچان.
تامغاڭنى تاڭلىيىغا بېسىپ قويما
ياخشىنى ياخشى دەپ، ياماننى يامان.
تەنتەكلىك بوشۇكىدە
ياتماي تەۋرىنىپ
كۆپ قىرلىق
سەزگۈ ئورنات پېرسوناژغا
چاپسۇن يۈگەنسىز
قىيغىتىپ ھەريان.

## 9

كەلدى يانچۇقچى
ھالاللىقنى يۇدۇپ ھاسراپ.
دىۋانىغا ياغدۇرۇپ ھىممەت
تاشلىدى بىر خۇرجۇن ئاقچىنى.
جان تىكىپ ئېلىشىپ لۈكچەك

قۇتقۇزۇپ قالدى
باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان مەسۇمە قىزنى.
ۋىجدان بېسمىنى سېزىپ قاراقچى
ئېلىپ ماڭدى شىپاخانىغا
ئۆزى پىچاق تىققان ساقچىنى.

## 10

چۇشۇمدىكىدەك
پېچەتلەندى ئېغىزىم بىردىن
تىلىمغىمۇ سىلىندى قۇلۇپ
قاڭقىغان ئەيىبلەش سادالىرىدىن.
كېلىپ قاپتىمۇ قوي يېمەس بۆرە
ئىنساپ، دىيانەت دالالىرىدىن؟
كىم موللا قىلغان قاۋاننى قاچان،
تەزدۇرۇپ نەپسى ـ تەمەلىرىدىن؟
ئالجىش!
جۆيلۈش!
ساراڭلىقنى يۇقتۇرما، يوقال،
يېمەستە ئوڭلار پەشۋالىرىدىن!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 11

«ئەرنىڭ يېرىمى ئايال[1]» دېگەن گەپ
باشقا كىيگەندە دەريا بويىنى
قالمىدىم مەڭدەپ.
قىزغا سىڭدۈرۈپ يىگىت خۇيىنى
يىگىتكە تاڭدىم قىزنىڭ خۇلقىنى
تۆرەلدى ئايھاي
ئىزدىن ئەگىشىپ ماڭغان دوقمۇشتا
ئەركەكزەدەك ئىنسان ئىڭگەلەپ.
خالايىق توۋا دەپ چىشلەشتى ياقا
قىقىلغاندەك پايپاققا تاقا
مەنمۇ ئىزا قەبرىسىگە قىلىندىم دەپنە
پۇشايماندا روھىم تۆكەر ياش
تۇپراقنى نەمدەپ···

## 12

ئەنە
ياتار سوزۇلۇپ

---

① جالڭ شيەنلياڭنىڭ شۇ ناملىق رومانى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

تەكلىپ ئۇيۇقىغا باش قويۇپ
ئۆچەيسىمان كۆرمىگ ـ كۆرمىگ يول.
ناۋادا سەنمۇ
كۆزۈڭنى يۇمۇپ
ماڭساڭ تالڭلىماي مودا قوغلىشىپ
بارار يېتىلەپ
غايىبتىن بىر قول.
مەن ياتقان قەبرىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق،
كەلسەڭ ئىز بېسىپ
قىلىدۇ بەلكىم
سېنىمۇ قوبۇل...

1990 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا يېزىلدى.
1991 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا تۈزىتىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەيىب ۋە نومۇس

شەھەر تۇگۇل دۇنيانىمۇ غاچ ئالىمىز،
بىر نان تاپساق داراڭلىتىپ داپ چالىمىز.
قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ كەپە ياساش،
پودىن ئۇلىسىز ھەشەمەتلىك ئۆي سالىمىز.

كوركىرايمىز «ئالەم مۇشۇ!» دەپ بەس ـ بەستە،
قۇدۇقتىكى پاقا قارار زوق ـ ھەۋەستە.
ئولتۇرساقمۇ قاشاڭ كالا هارۋىسىدا،
ئۇچتۇق دەيمىز بىز ئاسماندا، خەقلەر پەستە.

تارىخىمىز شان ـ شەۋكەتلىك، تۆھپە تەييار،
ئوڭدا يېتىپ يېسەك مەڭگۈ بولمايمىز خار.
يەنە شەرەپ قازىنىشقا نېمە ھاجەت؟
جان ئۇيرىتىش دۆتلۈك، بىزگە زېرەكلىك يار!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆكرىكىمىز دوناي تاپقا پولات قالقان،
ئۇندىن تايغان يەنچىلىدۇ بولۇپ تالقان.
كىمكى يېڭى پەدىگە ساز چالسا، ئۇنى،
بوش قويمايدۇ كونا تارغا كۆنۈك ئالقان.

ئۇزۇن كۆسەي قورالىمىز، ئاتا مىراس،
كوچىلايمىز، چۇخچىلايمىز تېپىپ ئاساس.
شۇ بولسىمۇ كۈن ئالسۇن دەپ قويۇش گۇناھ،
غېرىچ ئۆسسە قايچىلايمىز تەڭ دەپ لىباس.

ئېگىزلەرنى غۇلتىشتىن خۇشال ئىش يوق،
بالدۇر ئۈزۈپ چىققانلارغا يوللايمىز ئوق.
چاقالمىسا چايانىمۇ چايان دېمەس،
پەخرىمىزدۇر نەشتەر سانجىش، كار قىلماس دوق.

مودا چىقسا قوغلىشىمىز كېچىپ جاندىن،
تېنىپ ھەتتا ئەجدادىمىز ئوغۇزخاندىن.
سۇنئىي ئەتىر كۆرسەك باغقا ئوت قويىمىز،
«ئىپارگۈل!» دەپ بېغىشلىما يېزىپ قاندىن.

تەسۋى سىرىپ «سۇف!» دېگەننى خىزىر ساناپ،
كۆتۈرىمىز بىشىمىزدا، ئەيلەپ تاۋاپ.
مىڭ ئورغاق ئاي ئاسالايمىز بۇلۇتلارغا،
چۇۋۇپ مەكتەپ بىناسىنى، قۇببە ياساپ.

بەك كاتتا بىز، ئەمەس ھېچكىم بىزدەك ئۇلۇق،
تەكلىماكان ئالتۇن ئاچقۇچ كۆمگەن تولۇق.
بوۋام بەرگەن مامۇق ياستۇق يۇمشاپ ئەجەب،
خورىكىمىز يەتسە ئايغا، ئەڭ زور ئۇتۇق!

شىرىن چۈشەپ، كۆز سالمايمىز دەۋرانغا بىز،
ئەگەشمەيمىز ئۇزاپ كەتكەن كارۋانغا بىز.
بىر ئىزدىلا پىرقىرىساق، چۆرگىلسەك،
يېتەلەيمىز قېنى قانداق ئارمانغا بىز؟!...

1990 ـ يىل 4 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كېلىشىم

سەن ماختىغىن مېنى «مەشھۇر يازغۇچى» دەپ،
مەنمۇ سېنى داڭلاي «گۆھەر قازغۇچى» دەپ.
قايىل بولماي كىمكى قۇسۇر تاپسا ئەگەر،
تويغۇزايلى: «پەس قىتىغۇر، ئازغۇچى!...» دەپ.

1990 ـ يىل 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# چېچەكلىسۇن دىلىڭدا باھار

قاپلانمىسۇن كاچكۇلغا تېنىم،
قاپىقىڭدىن ياغدۇرمىغىن قار.
گۈل ھۆسنۈڭگە ياراشماس جۇدۇن،
چېچەكلىسۇن دىلىڭدا باھار.

چېچەكلىسۇن دىلىڭدا باھار،
شوخ كۈلكەڭدىن تۇغۇلسۇن قۇياش.
دۇنيا گۈزەلدۇر تەبەسسۇم بىلەن،
تۆكمىسۇن سۆيگۈ جۇدۇندا كۆز ياش.

1990 ـ يىل 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەۋسىيە

قۇشتەك ئۇچۇپ يېقىلساڭمۇ كۆككە، بۇرادەر،
ئۇنتۇمىغىن چۈشەر، ياتار جايىڭ يەنە يەر!

1990 ـ يىل 6 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# مىننەتسىز ئەسلەتمە

يىقىلدىڭ،

يۆلىدىم،

چاپتىڭ يەنە تېز،

لېكىن مەن كۆمۈلدۈم

چاڭغا ئۈن - تىنسىز…

1990 - يىل 6 - ئاي، بېيجىڭ.

# شائىر دوستۇمغا

كۆرىۋەرمە شېرىن چۈشنى چۈشەكەپ،
يەتكۈزەلمەس مامۇق ياستۇق تىلەككە.
ئاچقىن سۈبھى روجىكىنى سەن كۆچەپ،
ئەجرىڭ كۆمسۈن خىيالىڭنى چېچەككە.

1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۆلمەس ئىشتىياق

ئۆكۈنمەيمەن، ئاي يۈزلۈكۈم ئازدۇرۇپ،
جىلۋەڭ بىلەن بۇزساڭمۇ توي - بەزمەمنى.
كەچۈرمەيمەن، جادۇ كۆزۈڭ چاندۇرۇپ،
پالۋەتسە باياۋانغا نەزمەمنى.

1990 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، بېيجىڭ.

# غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن

غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن[1]
بەك ھاردۇق يەتكەندەك ئىغىر ھاسىراپ.
تىنىق قىيا قاپسايدۇ ئىككى يېقىدىن،
ئامبۇردەك چىڭ قىسىش ئۈچۈن ئالدىراپ.

دەريانىڭ كۆكسىنى ئۆتىدۇ تىلىپ،
سىرلىق غار ئۈستىدىن مىڭ تىغ ساڭگىلاپ.
چىدىماي بۇنىڭغا تاش باغرى ئېرىپ،
كۆزىدىن ئۈنچە ياش ئاقار تامچىلاپ.

غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن،
قايغۇغا چۆككەندەك دەردىنىڭ شاۋقۇنلاپ.

---

① بېنشى سۇ غارى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېنشى شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان داڭلىق مەنزىرىلىك جاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

تۇردۇ قىرغاقتا قۇت تىلەپ تەمكىن،
خىزىردەك ئىككى زات كۆزى يالقۇنلاپ[②]

تولغىنىپ ئەجدىھا ياتار بويىدا[③]
ئالماقچى بولغاندەك ئېقىننى توراپ.
نەچچىلەپ دوقمۇشتىن ئەگىپ دەريا،
ماڭغاندەك مۇساپىر ئىزىنى يول سوراپ.

غار ئىچرە بىر دەريا ئاقىدۇ غەمكىن،
قازاندەك قاپقارا تۈننى ھاپاشلاپ.
تىنمايدۇ نۇر ئىزدەپ قاراڭغۇلۇقتىن،
جۇشىدە يۇلتۇزلار چاقنار چاراقلاپ.

ئۇلغىيىپ ساناقسىز تامچە قېتىلىپ،
يېقىنلار مەنزىلى ئۈمىد بېغىشلاپ.
ئاھ، چىقتى تار غاردىن ئاخىر ئېتىلىپ،
يورۇقلۇق ۋەسلىگە يەتتى يېنىشلاپ.

1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، لياۋنىڭ ـ بېنشى.

---

② ③ غار ئىچىدىكى دەريا بويىدا دۇئادا تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر جۈپ تاش بوۋاي، ئۇنىڭ نېرىسىدىراق دەرياغا چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان تاش ئەجدىھا بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# بېشارەت

تۆگۆلۈپ، تۆرۆلۈپ شىددەتلىك ئېقىن،
قولۋاقنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ يىراق.
كېلەلمەس ھەيۋىدىن بوغىلار يېقىن،
تىترەيدۇ زەربىدىن ئۇيۇل تاش قىرغاق.

ئىرغىتىپ تاشلاندۇق بىر رەت، ئىككى رەت،
قايناملار لاققىغا سالدى بى سوراق.
جان ئېلىپ قاچسا كىم، ھاپ ئەتتى شۇئان،
جىگەرسىز بوشاڭنى قىلغاندەك مازاق.

يېقىلدى دىللارغا بېشارەتتىن شام،
ئۇردۇق بىز كۆچىنىپ رىتىملىق پالاق.
تەمتىرەش قوغلىنىپ، يار بولدى چىدام،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئېلىشتۇق ئۇزاق.

دولقۇنلار ئەۋجىدە ئېلىشتۇق ئۇزاق،
ئۇردۇق تەڭ تېخىمۇ رىتىملىق پالاق.
تاسمىدەك تار بوغۇز قالدى ئارقىدا،
يېيىلىپ دەريامۇ ئاچتى كەڭ قۇچاق.

1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، لياۋنىڭ ـ بېنشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# شاھزادە دەرياسى

ئېلىپ مەن تارىمنىڭ سالام، مېھرىنى،
شاھزادە دەرياسى[1] كەلدىم بويۇڭغا.
خۇش كەپسىز! دېگەندەك ئۇنچە چاچرىتىپ،
خۇش چىراي چىللىدىڭ گويا تويۇڭغا.

قىرغىقىڭ چىمەندىن تاقاپتۇ جىيەك،
ئەتراپىڭ ياپيېشىل بۇككىدە ئورمان.
قىيغىتىپ قوي ـ كالا يايرايدىكەن شاد،
پادىچى نەي چالار ئاجايىپ لەرزان.

تاشمۇتاش ئوقچۇغان سۇيۇڭ سۇپسۇزۇك،
كۆرۈنەر تەكتىدە مەرۋايىت، ئۇنچە.
بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئوينار قوغلىشىپ،
رەڭ تۈرى خىلمۇخىل، ئۆزگىچە شۇنچە.

---

[1] شاھزادە دەرياسى ــ لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېنشى شەھرى ئەتراپىدىكى بىر دەريا.

تۇرۇپتۇ قارىسام خىزىر سۇپەت چال،
دەرياغا تىكىپ كۆز، چۆكۈپ خىيالغا.
گىردىدەك چېھرىدىن تۇرار نۇر تېمىپ،
ئۇچتەك ئاق ساقىلى ئۇچار شامالدا.

— ئەسسالام!
ئالدى ئۇ سالامنى ئىلىك،
كۆرۈشتۇق،
مۇڭداشتۇق،
قويدۇم كۆپ سوئال.
شاھزادە دەرياسى ھەققىدە بوۋاي
باشلىدى ھېكايە قىلىپ دىلنى لال!

بۇنىڭدىن مىڭ يىلدەك ئىلگىرى بۇندا
ياشايتتى كىدانلار[1] ئەجەب ئۆز - ئىناق.
قەبىلە، يۇرت ئايرىپ يۇرمەيتتى زىنھار،
شۇڭا ئەل گۈللىنىپ تاپقانتى روناق.

---

[1] كىدانلار — ھازىرقى لياۋخې دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت، ئۇلارنىڭ ئەجدادى شەرقىي خورلار بولۇپ، مىلادى 916 - يىلدىن 1125 - يىلغىچە لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان. كېيىن جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. («سۆز دېڭىزى» لۇغىتىنىڭ 1479 - بېتىگە قارالسۇن).

ئىدى بۇ زېمىنمۇ ئاجايىپ مۇنبەت،
توپىنى سىقسا ياغ تامچىلايدىغان.
بۇلۇتتەك يامرايتتى پادا، يىلقىلار،
يوق ئىدى قاشالىق ئات قامچىلايدىغان.

چۈشسىمۇ بۇ ئەلگە ياتلارنىڭ كۆزى،
باستۇرۇپ كېلىشكە قىلمايتتى جۈرئەت.
خۇددى بەز مارىلاپ تۇرغان مۈشۈكتەك
كۈتەتتى زارىقىپ ئەپلىك بىر پۇرسەت.

كۆپ كۈتۈپ زېرىكىپ ئەۋەتتى ئاخىر،
بۇ يەرگە ھىيلىگەر ئايغاقچىلارنى.
تىللىرى قەنت ـ شېكەر، دىللىرى زەھەر
پارچىلاش ئۈستىسى — پايلاقچىلارنى.

قەبىلە ئارىلاپ، يۇرت كېزىپ ئۇلار
چېچىشتى ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى.
تۇغقانلار ئۆزئارا يىرتقاندا ياقا
قىچىشتى خادا قىپ قۇيرۇقلىرىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەۋجىگە چىققاندا جاڭجال ۋە نىزا،
تاشلاندى ئەلگە ياۋ شىددەتلىك شۇنچە.
ئەتراپنى قاپلىدى ئۇر - چاپ ئاۋازى،
تۇياقلار ئاستىدا چەيلەندى غۇنچە.

بۇلاندى مال - ۋاران، ئۆلتۈرۈلدى شاھ،
ھەيۋەتلىك ئوردىمۇ ئايلاندى كۇلگە.
ئېلىشتى ياۋ بىلەن باتۇر شاھزادە،
تىكىپ جان غېرىچ يەر، ھەر گىياھ، گۈلگە.

قۇرتتەك يامرىغان ياۋدىن كۆرمىگەنلىك
بېشىنى تېنىدىن قىلدى ئۇ جۇدا.
بىر - بىرلەپ يىقىلدى نەۋكىرى، ئاخىر
قېپقالدى قورشاۋدا بىر ئۆزى تەنها.

ياۋ قاسساپ كېلىشتى تىك يار لېۋىگە،
چېكىنىش يولى چورت تاشلاندى ئۈزۈپ.
ياۋ دېدى:
— باش ئېگىپ ئەل بولغىن بىزگە،
ياشايسەن چار باغدا گۈل دەستە تۈزۈپ.

نى گۈزەل قىزلارنى قىلىمىز تارتۇق،
خاقانلىق پەيزىنى سۈرسەڭ يەنە.
قەدىرلە ياشلىقنى ــ گۈلدەك چېغىڭنى،
ئەل ئارا كېزىلىپ يۈرسەڭ يەنە...

شاھزادە دېدىكى:

ــ ياشايمەن مەغرۇر،
ئەرلىكىم، غۇرۇرۇم تۇرغاي جۇش ئۇرۇپ.
تىز پۈكۈپ مىڭ يىلچە ئۆمۈر كۆرگەندىن
مىڭ ئەلا ياشىسام بىر كۈن تىك تۇرۇپ.

ئەلۋىدا، ئانا يۇرت، ئەي ئەزىز ماكان،
ئەلۋىدا، قانخۇمار، ۋاپاسىز جاھان!
ئەلۋىدا، گۈل ـ گىياھ، خۇش ئاۋاز بۇلبۇل،
ئەلۋىدا، ھالال سۈت بەرگەن ئانىجان!...

شاھزادە نەيزىنى ئاتتى ياۋ تامان،
يىقىلدى كۆرەڭلەپ تۇرغان سەركەردە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇرتىغا ئاداققى قېتىم تاشلاپ كۆز،
ھاياتلىق يىپىنى ئۈزدى شەمشەردە.

غۇلدى تىك ياردىن،
ئېچىپ كەڭ قۇچاق
ئانا يەر باغرىغا ئالدى ئوغلانىنى.
چاچرىغان قېنىدىن يارالدى دەريا،
ئەسلىتىپ شاۋقۇنى نەرە ـ چۇقانىنى.

ياد ئەتكەچ تىز پۈكمەس شاھزادىنى ئەل،
شۇ ئوغۇل نامىدا ئاتالدى دەريا.
تىنىمسىز ئېقىشى تۈگىمەس داستان،
قىسسەلەر سۆزلەيدۇ ئۆركىشى گويا.

بوينى كېزىدۇ مۇڭلىنىپ بۇغا،
ئۈستىدىن كېتەلمەس ئەگىپ قۇش ـ قانات.
قانمايدۇ كۆي كۈيلەپ، قوشاققا قېتىپ،
سۈپسۈزۈك سۈيىدىن ياشنىغان ھايات.

بۇ دەريا بىلقى خىسلەتلىك، تەمىلىك،
ئاجىزغا كۈچ ــ قۇۋۋەت،
كېسەلگە شىپا.
نېمىشقا شۇنداق دەپ سورىما، ئوغلۇم،
نەق جاۋاب ئىزدىسەم تۇتىدۇ يىغا...

بوۋاينىڭ ئاۋازى كەتتى تىترەپ،
دەرياغا تىكىپ كۆز چۆكتى خىيالغا.
كۆكسىدە يەلپۈنەر ئاپئاق ساقىلى،
تۇرار ئۇ يۈزلىنىپ مەيىن شامالغا.

※ ※ ※

ئويلىدىم،
تۆكسە كىم ئەل ئۈچۈن ساپ قان،
ياشاركەن ئەۋلادلار قەلبىدە ئەبەد.
شاھزادە دەرياسى مىسالى بۇنىڭ،
ئۇرغىدى قەلبىمدە ئاڭا مۇھەببەت!

1990 ــ يىل 6 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى، لياۋنىڭ ئۆل-
كىسىنىڭ بېنشى شەھىرى ئەتراپىدىكى شاھزادە دەر-
ياسى (تەيزىخې) بويىدا يېزىلدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بىر قىزنىڭ ھەسرىتى

بىلمىدىم، «ئاي»، «كۈن» دەپ كۈيلىمەي شائىر،
كۆزۈمدىن گۈزەللىك ئىزدىمەي شائىر،
شائىرلىق تاجىنى كىيەلمەمدىكىن؟
«يۈرىكىم لەختە قان، تاپقىن تېز داۋا…»
«ئاھ سەنسىز ياشاشتىن ئۆلۈم مىڭ ئەلا…»
شۇ گەپتىن باشقىنى دېيەلمەمدىكىن؟

**1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بېيجىڭ.**

# چېگىش سوئال

قارىدىڭ،
كۆزۈڭدىن چېقىلدى چاقماق،
مەن كۆيۈپ بولدۇم كۈل،
كەتتىڭ سەن يىراق.
ھەيرانمەن نېمىشقا يۈردۈڭ ئوت يېقىپ،
ئۆچۈرۈپ قويۇشنى بىلمىگەن ئوماق؟!

1990 ـ يىل 9 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يولۋاسنىڭ ئېلانى

ئەيمىنىپ ھېچكىم كېلەلمەس يېقىن،
قامالسامۇ تۆمۈر قەپەسكە.
موھتاج ئەمەسمەن، رەڭگە، پەردازغا،
تەشنامەن پەقەت ئەركىن نەپەسكە.

1990 ـ يىل 9 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىلىنىڭ سوئالى

بەستىمغۇ تاغدەك بار، يۇلىمەن چىنار،
يىلپىزمۇ ئالدىمدىن ئۆتەلمەس زىنھار.
بىراق يوق كۆچۈمگە تۇشلۇق شىجائەت،
قېنىمغا سىڭگەندۇ بەلكىم ئىتائەت.
شۇڭلاشقا ئادەملەر ئالغانمۇ مىنىپ،
زىيادە ياۋاشلىق بىشىمغا چىقىپ؟!

1990 ـ يىل 9 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# شېئىر يېشىلەيۋاتقان تۈگۈن

ئاجىزلارنى زادى بوزەك قىلمىسام دەيمەن،
نېمىشقىدۇر تۇتۇۋالسام يەنىلا يەيمەن.

1990 ـ يىل 9 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كېيىنكىلەرنىڭ ئادىتى

مېنى تىنچلىق ئەلچىسى دەپ تەرىپلىمەس كىم؟
ھەمراھىمنى چوقۇپ قويۇش ئەپسۇس، ئادىتىم!

1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# تاشپاقىمۇ بىزار

ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانى دەپ كەتسە ماختاپ،
ھاياتىمغا چوقۇنغۇچى ئامراقلىرىم؛
دىرىلدەيدۇ غەزەپ بىلەن ئوقۇپ لەنەت،
ئۆمىلەشتىن بىزار بولغان ئاياغلىرىم.

1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، بېيجىڭ.

www.uyghurkitap.com

# كۈچۈكنىڭ ئېتىرازى

قۇيرۇقۇمنى شىپاڭلىتىپ بولسام پايپېتەك،
خۇشامەتكە خۇشتار ئىگەم تاشلايدۇ سۆڭەك.
مەنغۇ پەقەت گېلىمنى دەپ قىلدىم خۇشامەت،
ھېچ بىلمىدىم ئىگەمگە بۇ ھۇنەر نە كېرەك؟

1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# يىلاننىڭ ھەۋەسى

تۈگۈلۈپ تۇرمىقىم قورقۇشتىن ئەمەس،
ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ بېشارىتى، بەس.
چاقتى دەپ ئەيىبلەش ناھەق، بىھاجەت،
چاقماقلىق ئاتامدىن قالغان بىر ھەۋەس.

1990 ـ يىل 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# توشقاننىڭ خىيالى

ئۆتسمۇ قورقۇش، غەم ئىچرە هاياتىم،
رازىمەن كەلمىسە مەڭگۈ ماماتىم.

1990 ـ يىل 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرپىكنىڭ يەلپىيىشى

سانجىلسا تىكىنىم ماختا ماۋۇق دەپ،
مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتەي دېسەڭ ئەپ!

1990 ـ يىل 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چۈمۈلىنىڭ ئىزاھاتى

بەك ئىشچان دەپ ماختار ھەممە، شۆھرىتىم
تولۇق،
ئەيىبىم شۇ: ئۆزۈمگىلا توشۇيمەن ئوزۇق.

1990 ـ يىل 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# پەرۋانىنىڭ باياناتى

ئوت ـ چىراغقا ئېتىلىشىم ئىشقتىن ئەمەس،
ساختىلىقتىن تويۇپ قىلدىم ئۆلۈمگە ھەۋەس.

**1990** ـ يىل **12** ـ ئاي، بېيجىڭ.

www.uyghurkitap.com

# تۆگىنىڭ ھەسرىتى

دۆت ئېشەك كەينىدىن ماڭار تۆگە دەپ،
مەسخىرە قىلماڭلار ئۇنچىلا سۆكۈپ.
ئۆتكۈزۈپ ئالمىسا بۇرنۇمغا چۇلۇك،
ماڭامتىم دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ؟!

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئاغمىخانىنىڭ چارىسى

كىرىۋالسەن كاتەككە پەملەپ،
توخۇجان سېنى يوقلاپ كەلدىم دەپ.
يېقىنلىشسەن ماختاپ، ھەجىيىپ،
ئاندىن گېلىدىن بوغىسەن ئەپلەپ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

ئۇنتۇما، بار ھەسلىم ــ تاتلىقمۇ،
ئۇۋامنى بۇزساڭ زەھەر ــ ئاچچىقمۇ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئارغىماقنىڭ يۈرەك سۆزى

قىينىمسا چەۋەندازىم كۆز يۇمۇپ،
مېنى گاھ دۆڭ، گاھ ئويمانغا چاپتۇرۇپ.
ئوقتەك چاپسام يورۇق بولسا مەنزىلىم،
يۈرمەي دوقمۇش، ئەگرى يولدا قايمۇقۇپ.
ئاگاھ بولسۇن، كەتسە تولا قامچىلاپ،
ئەدەپلەيمەن يەرگە موللاق ئاتقۇزۇپ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئېشەكنىڭ ۋەسىيىتى

«گۆشۈم هارام، كۆچۈم هالال»، يالغان
ئەمەس،
مەيلى ئارتسۇن تاغدەك يۈكنى كۆتۈرەي دەس.
رازىمەنكى مىڭ ئۆلسەممۇ چارچاپ ھېرىپ،
ئۆلۈكۈمنى ئىتقا تاشلاپ بەرمىسە، بەس!

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ياشىنىڭ مەنتىقىسى

نېمە قىلار ئادەم مېنى ئۇرۇپ، ئۆرتەپ،
مەن ئىچكەنگە كېتەرمىدى قېنى تۈگەپ؟!

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئىت ئىچىنار نېمىگە؟

خۇدا مېنى ياراتقان،
ئۆي - ئارامغا قاراشقا.
ئىچىنىمەن سالغانغا
ئۆز قوۋمىمنى تالاشقا.

1990 - يىل 12 - ئاي، بېيجىڭ.

# خورازنىڭ تەمەنناسى

چىللىمىسام ئاتمايدۇ تاڭ، يورۇماس ئالەم،
قاراڭغۇلۇق ئىنسانلارغا ئەمەسمۇ ماتەم!
ئىشەنمىسە تاڭ ئاتقۇزۇپ باقسۇنچۇ قېنى،
بىر سىقىم دان بېرىپ مىننەت قىلىشقان ئادەم!

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# مېكىياننىڭ زارى

قا قاقلىسام ماختانچاق دەيدۇ،
تۇغماي قويسام نېمىنى يەيدۇ؟!

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# بۆرىنىڭ ۋەدىسى

بېرىمەن قويلارغا چىن ۋەدە تولۇق،
توق بولسام ئۇلارنى قىلمايمەن ئوزۇق.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

www.uyghurkitap.com

# كالىنىڭ نامى

بېشىمنى كۆتۈرمەي ئىشلىگەچ ھەردەم،
ئوت - چۆپ ۋە سامان يەپ بەرگەچ ئاق
سۈت ھەم؛
ئۇرسىمۇ پۇشۇلداپ يۈرگەچ شۈك - بىغەم،
دۆت كالا دەپ ماڭا نام بەرگەن ئادەم.

1990 - يىل 12 - ئاي، بېيجىڭ.

# قاغىنىڭ ئۆزىنى باھالىشى

كىم مېنى قارا دەپ چاپلىسا تۆھمەت،
كۆزىنى ئۇيىمەن، قىلمايمەن شەپقەت.
چۈنكى مەن قاردىن ئاق، توزدىن مىڭ
گۈزەل،
ناخشامۇ بۇلبۇلدىن قېلىشماس پەقەت.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مايمۇن ئويۇنىنىڭ سىرى

تاماشابىن دەيدۇ: قىزىق مايمۇن ئويۇنى،
قىزىمامدۇ ئۇچسا باشتا قامچا قويۇنى.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# چاشقاننىڭ ئىنسابى

يۈزسىز ئوغرى، نائىنساپ دەپ يۈرمە قارىلاپ،
يۈتمىدىمغۇ يەر شارىنى قىلغاچقا ئىنساپ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھۆيۈپنىڭ ئىقرارنامىسى

ئالا ـ يېشىل تون كىيمەن، ياراشقان تاجىم،
دەيمەن قىلسا جىمىكى قۇش ماڭىلا تەزىم.
سېسىپ كەتتى ۋاز كېچەلمەي ئىچىم ھەسەتتىن،
يەتمىسىمۇ كۇسۇلداشتىن باشقىغا چامىم.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# بالتىنىڭ شىكايىتى

تال قارغايدۇ شاخ ـ نوتامنى كەستى دەپ،
ساپنى تۇتقان قولنى قويماس ئەيىبلەپ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سۈيۈرگىنىڭ دەردى

تۈگىگەندە ئەخلەت ـ چاۋار، مەينەت ئورۇن،
بىر بۇلۇڭغا تاشلىنىمەن قىسىپ بويۇن.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# تۆگىقۇشنىڭ يەمى

تىقىۋالسام قۇمغا بېشىمنى،
كىم كۆرەتتى تېنىم ـ تېشىمنى؟!

**1990** ـ يىل **12** ـ ئاي، بېيجىڭ.

# چۈشىنىك ئۈكتەملىكى

لەززەتلىك شىرنىگە ئالساملا قونۇپ،

قوغلىسۇن، دوق قىلسۇن، كەتمەيمەن ئۇچۇپ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوغرى مۇشۇكنىڭ ئۇستاتلىقى

ئېپى كەلسە لوق ـ لوق گۆشنى يەۋالىمەن،
تۇتۇلغاندا ئىگەم يېگەن دەۋالىمەن.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# قۇشقاچ چۈشەنمەيدۇ

يېقىملىق سايرىشىم كېتەر يىراققا،
يالغۇزلۇق نوتۇقۇم ئوخشار بولاققا.
ھەيرانمەن، ئادەملەر ياڭراتماي ئالقىش،
نېمىشقا ماز تىقىپ ئالار قولاققا؟!

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قېرىسىنىڭ ئارزۇسى

كىرىپ تۇرسا بۇلبۇل، تۇرغاي، تومۇچۇق،
قان سايرىغان مۇڭ - زارىدىن ئالسام زوق.
«قويۇۋەت!» دەپ يىلىنغانچە چىڭ قىسىپ،
قۇدرىتىمنى ئايان قىلسام مەن تولۇق.
مەيلى كېيىن چېقىلسامۇ مىڭ قېتىم،
دەھشەت سېلىپ قالسا سۇرۇم، ئارمان يوق.

1990 - يىل 12 - ئاي، بېيجىڭ.

# ياستۇق خالار نېمىنى؟

كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاۋەرسە ئادەملەر،
راھەتلىنىپ كۆتۈرمەستىن بېشىنى؛
داۋام قىلسا ئويچان، مىسكىن شائىردەك،
غايىۋانە، تەگسىز شېرىن چۈشىنى؛
سۈرۈپ جەننەت ھۇزۇرىنى قانغۇچە،
تۆكمىسە غەم ـ قايغۇ بىلەن يېشىنى؛
ئوڭدىكى تەڭسىزلىكنى ئۇنۇتۇپ،
غوۋغا قىلماي يېسە سىڭگەن ئېشىنى؛
ئارمىنىم يوق، قەلبىمنىلا چۈشەنسە،
«ئالدامچى!» دەپ ئاتىماي لەنەت تېشىنى.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قۇرغۇينىڭ جاھاندارچىلىقى

قۇرغۇي دەر نامىمنى، چاققانىمەن ئەجەب،
ئەقلىم چوڭ، كۈنۈمنى ئالىمەن ئەپلەپ.
قۇشقاچنى كۆرسەملا قىلىمەن بوزەك،
لاچىننى ئۇچراتسام قاچىمەن پەملەپ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياڭاقنىڭ گۇناھى

چوڭ گۇناھمۇ ياڭاق بولۇپ يارالغىنىم،
شۇ نام بىلەن كەڭ ئىقلىمغا تارالغىنىم.
توقماق يېدىم تاتلىق مېغىز يېتىشتۇرۇپ،
قۇرۇق شاكال بولسام بەلكىم ئامان ئىدىم.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# تۈلكىنىڭ يېڭى قىسمىتى

ئولجىنى ئادىللىق جىڭدا بۆلەي،
بۆلۈشتىن ئىلگىرى لىللا گەپنى دەي:

بۇ كىيىك يەپ ساپتۇ زەھەرلىك گىياھ،
گۆشىنى يېسە كىم سۆزسىز قىلار قەي.

توشقانغا تەگكەندەك تۇرىدۇ ۋابا،
تەمىنى تېتىسا تارتىشىدۇ پەي.

قىرغاۋۇل بەك ئورۇق، سېسىق، ئەرزىمەس
لەشكە چىش ئۇپرىتىپ يۈرۈشكە ئەتەي.

يولۋاس شاھ بولمىسا خارابتۇر ئورمان،
بولمايدۇ زەھەردىن ھەزەر ئەيلىمەي.

www.uyghurkitap.com

بۆرە بەگ شۇ شاھنىڭ پۇت ـ قولى دېمەك،
يۇقمىسۇن شۇم ۋابا، ئوت قويۇپ ئۆرتەي.

مەن تىلغا ئالغۇسىز چۈپرەندە، شۇڭا
ئاخىرقى قۇللۇقنى بەجا كەلتۈرەي:

ساقلاشقا سىلەرنى بالا ـ قازادىن
قان قۇسۇپ ئۆلسەممۇ ھەممىنى مەن يەي.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئوت چاچار دىنوزاۋىر[1] نىڭ ماختىنىشى

ئاغزىمدىن چاچسام ئوت دېمەڭلار ئاپەت،
ئۇ، مۆمىن ئىنسانغا ياغدۇرغان ئامەت.
ئېچىنىپ كەتمەڭلار باغلار بولسا كۆل،
مۆجىزە يارالغاي كۆلدىن كارامەت.

كۆللەرنى سۇمۇرۇپ قۇرۇتسام ئەگەر،
تاش قېلىش بى ھاجەت، شۆلگىيىم كەۋسەر.
ئاجىزغا قۇۋۋەت ئۇ، كېسەلگە شىپا،
ئىچكەنلەر ئاغزىدىن پۇرايدۇ ئەنبەر.

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، دەقيانۇسنىڭ زامانىسدا ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان بىر خىل دىنوزاۋىر ئۆتكەنمىش. ئۇ بارغانلىكى يېرىنى ئوت چېچىپ كۆل قىلىۋېتىدىكەن. ئاندىن ئوتتا كاۋاپ بولغان ئادىمىزات ۋە ھايۋاناتلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتۇۋېتىدىكەن. تېخى بۇنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى ساناپ، ھەممىلا يەردە ماختىنىپ يۈرۈدىكەن. بۇ شېئىر ئەنە شۇ قەدىمكى رىۋايەتكە ئاساسەن يېزىلغان.

دەم تارتىش، ھاپ ئېتىش خىسلىتىم مېنىڭ،
تويماسلىق ئەمەستۇر ئىللىتىم مېنىڭ.
يالمايمەن يالماشقا ياراتقاچ تەڭرىم،
يالماشتا نامايان شەپقىتىم مېنىڭ.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# رەڭگىنىڭ كۆز بويامچىلىقى

بوياقچى دەپ شۆھرىتىم بار ئالەم ئارا،
قارىنى ئاق قىلالايمەن، ئاقنى قارا.
ئايرىمايمەن ھەق ـ ناھەق دەپ، راست ـ يالغان دەپ،
ئۆكۈنمەيمەن قانچە يۈرەك بولسا يارا.

ئىنساپ، ۋىجدان، نومۇس نېمە، خەۋىرىم يوق،
رەڭۋازلىقنىڭ خىسلىتى كۆپ، كۆڭلۈم بەك توق.
ساختىلىقتىن دېرەك بەرمەس يېڭى رەڭلەر،
يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرسەڭ غەزىپىم ئوق.

بوياقچىلىق كۆپى بۈيۈك، ئەڭ مۇقەددەس،
بوياق بەرسەم قاغا، توزغا ئۆزگىرەر، بەس.
ئەگەر ئەسلى قىياپەتنى قىلسا ئايان،
سەۋەنلىكنى يامغۇردىن كۆر، مەندىن ئەمەس.

1990 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بىر دوستۇمغا جاۋاب

تەخسىنى چاقما دەپ قىلدىڭ دالالەت،
دېدىڭ: كۆپ تەخسىدە نېمەت ــ تاپاۋەت.
تىك تۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ ئۆلەي،
قىلمىسۇن نەزەردىن ساقىت جامائەت.

1990 ــ يىل 10 ــ ئاي، بېيجىڭ.

# قايتىپ كەل ئامرىقىم، كۆتەرەن سېنى

بىلمىدىم، نېمىشقا قالدۇق تەگىشىپ،
ئېھتىمال شەيتانغا ماڭدۇق ئەگىشىپ.
سەن كەتتىڭ يامانلاپ، ئارقاڭدا كۆزۈڭ،
مەن قالدىم زار قاقشاپ، كۆزۈم تېشىلىپ.

ئۆتتى كۈن، ئۆتتى ئاي، ئۆتتى ھەتتا يىل،
بوينىمىز قاتتىقكەن، يۇمشىمىدى دىل.
«تىز پۈكمەس قەھرىمان» بولدۇق بىز گويا،
ناماقۇل بولۇشقا بارمىدى ھېچ تىل.

ئۇنچىلا يىراقمۇ ئەمەس ئارىمىز،
دەريادىن ئۆتسەكلا يېتىپ بارىمىز.
بىزغۇ «باش ئەگمىدۇق» ساقلاپ «غۇرۇر»نى،
ئەمما قان يىغلىدى يۈرەك پارىمىز.

«ئانا!» دەپ ئويغىنار دەم ـ دەم ئىسەدەپ،
ئۇيقۇدىن بىدارمەن ياستۇق يەڭگۈشلەپ.
بىلمىدىم كۆز يېشى تەگسىز بۇلاقمۇ،
قەلەندەر بوپقالدىم تەسەللىي ئىزدەپ.

توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقىسى نەق ـ تەل،
يېيىشى گۆشۇ ـ ياغ، قايماق ۋە ھەسەل.
دەيدۇ ئۇ: «تېتىيدۇ ھەممىسى ئەمەن،
ئانىسىز ياشاشتىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل!...»

ئېپبەرسەم چىرايلىق كىيىمنى تاللاپ،
ئاتىدۇ بۇلۇڭغا يىرتىپ قامااللاپ.
ئېيتىدۇ:«كىيىمەن ياماق چاپاننى،
ئانامنىڭ ھىدىنى پۇراپ ۋە ئاياپ...»

ھەيرانمەن، نېمشقا تېپىشقاندىمىز؟!
ئىنتىلىپ قۇلۇندەك چېپىشقاندىمىز؟!
توينى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تەقەززا،
سۈركىلىپ يىلمىدەك يېپىشقاندىمىز؟!



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تىپىشتۇق، چىپىشتۇق، يىپىشتۇق مەھكەم،
سىڭدى پەر ياستۇققا يالقۇنلۇق قەسەم.
كۆز ئاچتى دۇنياغا سۆيگۈ جەۋھىرى،
بىشىمىز تاقاشتى ئاسمانغا شۇدەم.

ئاڭلاندى «ئىڭگە»سى يىقىملىق سازدەك،
تۆيۇلدى ۋىلىقلاپ كۈلۈشى ئازدەك.
لەۋلەرگە كەتتى ئوت سۆيسەك مەڭزىگە،
بىلىندى تەپتىدىن جۇت قىشمۇ يازدەك.

تايتاڭلاپ ماڭغاندا «دادا!»، «ئانا!» دەپ،
ئۇنتۇلدى جاپالار قالدۇق يەڭگىللەپ.
ئەپكەلدى ئۆيگە ئۇ بەختنى چىللاپ،
كەلدى زەپ ئەل - يۇرتنىڭ زوقى، ئۆتسەك ئەپ.

يامان كۆز تەگدىمۇ شۇم غەرەز بىلەن،
ۋە ياكى ئارىغا ئۇندىمۇ تىكەن؛
ئىشقىمىز يالقۇنى باردى پەسىيىپ،
نەگدۇر مۆكۈندى يول قويۇش دىگەن.

غاژ ـ غۇژلار تىمسقىلاپ چىقتى پىنھاندىن،
نەۋ باھار قوغلاندى گويا بوستاندىن.
كەلگۈلۈك كەلدى زەپ سەبىي گۆدەككە،
تەڭلىكتە ئۆكسۈيدۇ كۆز يېشى قاندىن.

سەن كەتتىڭ، ئۆيىمىز ئايلاندى گورغا،
تېپىرلاپ قالدىمەن چۈشكەندەك تورغا.
قوزىمىز چىرايى بولدى زەپىران،
تولغىنىپ ئازابتا ئېچكەندەك ئوغا.

«ئاھ، يېتىم قىلغۇچە تىرىك تۇرغۇزۇپ،
قويساڭلار بولماتتى بۆشۈكتە بوغۇپ؟!...»
نەشتەردەك سانجىلدى سۆزى يۈرەككە،
ئاڭلىساڭ كېتەتتىڭ سەنمۇ پۇچۇلۇپ!

ھەيرانمەن، نىمشقا تېپىشقاندىمىز؟!
ئىنتىلىپ، يىلمىدەك يېپىشقاندىمىز؟!
تېپىشىپ، يېپىشىپ، ياساپ مۆجىزە،
ھە، ئەمدى نېمىدەپ قېچىشقاندىمىز؟!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەببەت مەنىسى شۇمىدۇ پەقەت؟
شۇ بولسا، مۇھەببەت نېمىگە ھاجەت؟!
ئادەمنى تىرىكلا تىقسا ئۇ گورغا،
قۇرۇسۇن ئىلاھىم شۇنداق مۇھەببەت!

يەتكەندۇ ساڭىمۇ بەلكى پىغانىم،
نېمىلەر دېمىدىم قىينالسا جانىم.
كەچۈرگىن ئامرىقىم، كەچۈردۇم مەنمۇ،
سىغمايدۇ تىلىنغان دىلغا پۇشمانىم.

سەن كەتتىڭ يامانلاپ، قالغاچ تەگىشىپ،
ئازدۇقمۇ، شەيتانغا ماڭدۇق ئەگىشىپ.
ئەندىكىپ چۆمۈلۈپ ھىجران كۆلىگە،
ئېھتىمال قالغاندۇق ئەمدى سەگىشىپ.

ھىجراندا قالغاندۇق بەلكىم سەگىشىپ،
قايتىپ كەل، يۈرمەيلى ئەمدى تەگىشىپ.
دىلىمدا يولۇڭغا سالدىم پاينداز،
كەلگەي بەخت، مۇھەببەت ساڭا ئەگىشىپ.

مايمۇندەك ئوينىتىپ يۇرمسۇن خارلاپ،
كاج تەلەي، شۇم تەقدىر ـ بىۋاپا كاززاپ.
قايتىپ كەل ئامرىقىم، كۇتمەن سېنى،
مۇھەببەت جەۋھىرى چەكمىسۇن ئازاب.

1990 ـ يىل 10 ـ، 11 ـ ئايلار، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# چېقىمچىغا

قاراڭغۇدا ئۇ نەگىدۇر شۇڭغۇپ،
چىقىشتۇرۇپ دار ياسايدۇ پەملەپ.
ئىسلغاندا ئۇنىڭغا ئۆزى،
چىقىدۇ يەنە يۈزىنى چەملەپ...

1992 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئىككى يۈزلىمىچىگە

ئالدىڭدا سېنى دەيدۇ ئۇستازىم،
قىلار ماڭدامدا مىڭ قېتىم تەزىم.
چاياندەك نەشتەر سانجىپ ئارقاڭدىن،
دەيدۇ ياگرىسۇن مېنىڭلا سازىم.

1992 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىر جانانغا

تەلمۈرۈپ قارايسەن، بارسام قاچسەن،
غۇنچىدەك لېۋىڭنى قاچان ئاچسەن؟
سەھنىدە بۇلبۇلدەك سايرىغان بىلەن،
مۇھەببەت بېغىدا بەلكىم گاچسەن.

بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ تۇرسا پاش قىلىپ،
نېمىشقا سىرىڭنى يەنە ياپسەن؟
يا ماڭا پۇرسەت بەر، يا سۆزلە ئۆزۈڭ،
قىيناپ جۇپ يۈرەكنى نېمە تاپسەن؟

1992 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئەسلىگە قايتىش

ئۇ بوۋاق چېغىدا ماڭسا ئۆملەپ،
ئانىسى شادلىقتىن قىلغان كۆز يېشى.
دادىسى قاقاقلاپ ئالغان قۇچاققا،
سۆيۈنۈپ ئاسمانغا يەتكەندەك بېشى.

يىگىتلىك دەۋرىدىن ئاشقاندا، بىردىن،
ئۆملەپ مېڭىشقا ئۆتتى ئۇ يەنە.
ئانىسى نومۇستىن ئەتتى كۆزىنى،
دادىسى غەزەپتىن ياغدۇردى تەنە.

خالايىق باش چايقاپ چىشلەشتى ياقا،
ھەيرانلىق ئىچىدە دېيىشىپ: «توۋا!».
«ئۇ بوۋاق چېغىغا قايتقانمۇ ياكى،
ئەمەل دەپ ئەقلىدىن بولغانمۇ جۇدا؟...».

1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، بېيجىڭ.

# خۇداغا ئىلتىجا

بادام دوپپا چۈشمەس بېشىدىن،
سۆزلەر ئۇنىڭ تارىخىنى ھەم.
دەيدۇ: «ئۇلۇغ، قالتىس سەنئەت بۇ!»
كىرپىكىدە يالتىرار شەبنەم.

ياندىن بىرى سۇنسا شىلەپە،
دوپپىنى چۆرۈپ تاشلار پاتقاقا.
دوپپىچىنى سۆكۈپ غەزەپتە،
يېپىشىدۇ نەپ ۋە ئاتاققا.

بۇنداق بەندەڭدىن ساقلىغىن، خۇدا،
دىلنى ۋىجداندىن قىلمىغىن جۇدا...

1992 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھۆكۈم

نەيزە ئۇرۇپ تەشمەكتە بىخلار
قاتمال قوۋزاق قالقانلىرىنى.
تىرناق سوزۇپ ئالىيپ جۇدۇن،
تۆكمەكتە ئاق قار تالقانلىرىنى.
ئۇششۇتمەن، تىتىمەن دەيدۇ،
ئېچىپ سوغۇق ئالقانلىرىنى.

چىرقىرايدۇ تولغىنىپ ئاچچىق،
ماغدۇرىنى يىغىشقا شامال.
پىرقىرايدۇ بېشى قايغاندەك،
چۈشىدە گۈلنى قىلىدۇ قامال.
ئۇسسۇيدۇ تالغا، تامغا، تاغلارغا،
جۇتنى ساقلاشقا ئىزدەيدۇ ئامال.

يانغان يۉرىكىم ئاچىدۇ كاچكۉل،
هارارىتىدىن تۉغدۇرۇپ قۉياش.
قات ـ قات كۅك مۇزلار پۉتكەندە ئىرىپ،
ئارمانسىز قويار نەم قەبرىگە باش.
چۅمگەندە تەكشى نۇرغا يەر ـ جاھان،
رەيھان بەرگىدىن سىرغىپ چۇشەر ياش.

هۅكۉم شۇ: جۇدۇن تالاشسىمۇ جان،
باھارنى توسۇپ قالالماس ھامان!

1992 ـ يىل 2 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كاج جاھان

جۆيلىدىم،
شائىر دەپ كىيدۈردى زەر تاج،
مەجنۇنلار پەنجىدە مۇجۇلغان جاھان.
تىرىلدى ئەس ـ ھوشۇم،
ئاتالدىم دۆت ـ كاج،
قوغلاندىم قوتانغا،
قىلىندىم پايخان.

1992 ـ يىل 3 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئەتۇر بەلەك

ئالتۇن توشۇپ چارچاپ دۇلدۇل يقلدى سايغا،
بولدى خار ـ گاداي.
زەرگە چچپ هاڭراپ ئېشەك ئايلاندى بايغا،
ئالدى تۆردن جاي.

1992 ـ يل 5 ـ ئاي، بېيجڭ.

# سىگنال

نەپسىم ھارۋىسىغا قوشۇپ شەيتاننى،
تەگسىز ھاك لىقۋىدە كەتتىم تاراقلاپ.
مال ـ دۇنيا كويىدا ئويناتتىم قامچا،
ھارۋامغا لىق تولدى پۇللار شاراقلاپ.

ھاكاۋۇر خاقاندەك گىدەيدىم مەغرۇر،
تالايلار ئارقامدىن كەلدى پالاقلاپ.
تويمۇدۇم، قىزىدىم، شىلدىم ـ يۇنۇدۇم،
تۇرغاندەك قاپاقتا ئاز سۇ شالاقلاپ.

يول ئالدىم ئۇچقاندەك ئۇنتۇپ خەتەرنى
ئالتۇن بار غاردا دەپ ئاڭلاپ قاقاقلاپ.
يىقىلدىم، يەنچىلدىم، بولدى قەبرەم غار،
ئۆكۈنۈپ زار يىغلار روھىم جالاقلاپ.

1992 ـ يىل 7 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بوۋاي چۈشەندى

يۈرىكىگە دەسسەپ، يىقىلىپ،
كەلدى بوۋاي
كەلدى سۈرلۈك قارىيىپ تۇرغان
تۆمۈر پەنجىرە ـ كامىر ئالدىغا.
ئوغلى تەلپۈنۈپ
سوزغىنىدا قولىنى، ئۆكسۈپ؛
شۇئان ئۆپكىسى مىلىق رەت ئۆرۈلۈپ،
ئۆزىنى كۆچەپ ھەريانغا ئۇرغان
قەپەستىكى مۇڭلۇق بۇلبۇلنى
ئالدى يادىغا...

1993 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# گۇمان

گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

چىقىپتۇ ئۆڭكۈردىن ئەقلىڭ ھالسىراپ،
ئىزنىتقۇ كور قىلغان قارچۇقۇڭ چاقناپ.
چۈشكەنتىڭ قىلتاققا، جىن سوزغان سايە
مىندۈرسە گۇمانغا، ئەپسۇننى چاپلاپ.

※ ※ ※

ماڭدىڭ جىن باشلىغان تار كوچا بويلاپ،
ماڭغاندەك ئۆلەڭگە توۋلاپ توي تويلاپ.
ئىشەنچىڭ گېلىغا ئۇردى ئۇ خەنجەر،
قوۋمنى چاقسۇن دەپ يىلاندەك سويلاپ.

كۆرۈنگەچ يىتتۇرگەن پالتاڭ ئالتۇن ساپ،
كۆرگەننى يىقىتتىڭ پىيىنى چايناپ.
جىن كۆردى تاماشا ئىغاڭلاپ ھەر يان،
دولاڭغا ئۇردى ھەم ئالدىڭ دەپ ساۋاب.

قايمۇقتۇڭ جىن چالغان داپقا پىرقىراپ،
ئۇ ئىچتى قىنىڭنى دەپ ئىسىل شاراب.
ئۇچۇرسا لەيلىدىڭ، ئەرشكە چىقتىم دەپ،
بىخسىدى ھۆجەيرەڭ ماختىشى ياراپ.

دىدىڭكى، ئۇ ماڭا پىشۇرار كاۋاپ،
دوزاخىڭ ئوتىنى گۈلخان دەپ ساناپ.
سەزمىدىڭ كۆيسمۇ روھىڭ، ۋىجدانىڭ،
ئىتىلدىڭ رەڭگارەڭ يالقۇنغا قاراپ.

ئۇكلەندىڭ، جىن سويۇپ تىرەڭنى ئاشلاپ،
يىپىنىپ غۇۋادا ماڭدى ئالچاڭلاپ.
نۇر قاچقان كۆزۈڭگە جىننىڭ سايىسى،
كۆرۈندى ئىھتىمال تۇرقۇڭغا ئوخشاپ.

تاشلاندىڭ پاتقاقا ئىغناپ، قاقشاپ،
ئالجىدىڭ، بوۋاڭنى قارغاپ ـ قامچىلاپ.
كىيدۈردۈڭ جىنغا تون، ئەيلەپ تەشەككۈر،
تۈرسمۇ تېنىڭدىن قانلار تامچىلاپ.

ئازدۇرسا ئادەمنى جىن ئەيلەپ خاراب،
چۈشكۈسى شۇم قىسمەت غارىغا غۇلاپ.
ئىبرىشقۇ ئانچىلا چوڭ ئەيىب ئەمەس،
سېتىلىپ كەتمىسە ۋىجدان ۋە ئىنساپ!...

※ ※ ※

ئاجراپ جىن پەنجىدىن كەپسەن ئالدىراپ،
ئىشەنچتە ياشاشقا بىلىڭنى باغلاپ.
كۆزۈڭنى ئەتمىسۇن گۇمان پەردىسى،
پاتقاقا ئۆزۈڭنى ئاتما كۆل چاغلاپ.

1993 ـ يىل 8 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# چۆل قەسىدىسى

ھۇشقىيتىشى ئەللەي ناخشىسى،
تەۋرىتىدۇ بۆشۈكنى بوران.
ئۇخلايدۇ چۆل چۇشنى قۇچاقلاپ،
قۇملار ياستۇقى، يېپىنچا ئاسمان.

قوڭغۇراقلارنىڭ مىسكىن ساداسى،
ئويغىتالماس قەلبىدە پىغان.
يۇلغۇنلارنىڭ ئىڭراشلىرىدىن،
قىيان ياسىماس تومۇرىدا قان.

كېيىكلەرنىڭ ئۈركۈپ قېچىشى،
شېرىن چۇشنى ئۆتەلمەس بۇزۇپ.
دىڭگوسلىغان بۆرە پۇتىدىن،
ئەلەم ۋە غەزەپ بارىدۇ تۇزۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يامغۇر قامچىسى، مۆلدۈر تەستىكى،
قوزغىيالماس تېنىدە ئازاب.
ئېھتىمال ئۇ سېزىمسىز مەخلۇق،
ئۇخلار بوۋاقتەك بىغەم، گۆگۈلداپ.

قويۇنغا مىنىپ پىرقىرار جىنلار،
ياقتۇرۇپ ئۇنىڭ يۇمشاق باغرىنى.
ياساپ چېچىدىن جەننەت ئۆۋىسى،
سەكرەپ ـ چۆرگىلەپ چالار ناغرىنى.

گاھ تۇتتۇندەك تولغىنىپ لەرزان،
ئۆرلەيدۇ ئاستا ئۆكتۈردىن كۆككە.
سوزۇپ ئاردەك قولىنى ھەريان،
يىمش جىگدىنى تولدۇرار بۆككە.

گاھ جەم بولۇپ قىزىتار بەزمە،
مېڭە سۆڭكى سىرلىق، گۈزەل جام.
كاۋاپتىن كېلەر پەرىنىڭ ھىدى،
مەيدە يىغلايدۇ قورۇلغان ئاخشام.

تاك نۇرى كۆزگە سانجىسا نەشتەر،
ئايلىنار شۇئان يانتاق — چېچەككە.
ئۆشكە ياساپ قوۋۇرغىسىدىن،
يول ئاچار ئۇدۇل يىلىك، يۈرەككە.

قىلىدۇ يىلىك ئۆلۈكنى ئۆرە،
قاقشال، ئاچ جۇغى تارتار ئېگىز بوي.
مەختۇمسۇلانىڭ جۇشقۇن ياش قېنى،
تومۇرلىرىدا ياساپ ئېقىن، توي.

توقۇيدۇ خۇشال شاھانە تونىنى،
ئېزىنتقۇ يېپتا سىپتا، چىرايلىق.
ئۈيقۇلۇق چۆلگە ياپار ئاۋايلاپ،
ئەپسۇن ئوقۇپ، كۆزلەپ سارايلىق.

چۆل بەلكىم مەستخۇش ۋە ياكى بىھوش،
تۈيماس كۆزىگە سانجىلسا تىكەن.
قەلئەنى قۇمغا پاتۇرغان بوران،
كىرىدۇ ئۇسۇپ چۇشىگە بەزەن.

ئۇخلايدۇ چۆل خىرامان، بىغەم،
سەبىي بوۋاقتەك گۈڭگۈلداپ، ئىڭراپ.
ھەسرەتلىك تىنىپ پەقەت بىر ئۆكەر،
شېرىن ئارزۇدا باقار جىمىرلاپ.

1995 ـ يىل 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# نادامەت

قالغانمۇ چىمەندە ياشلىق باھارىم،
ئىزدىدىم، يەنجىلگەن كوكات تۆكتى ياش.
مۆكۈنۈپ ئالغانمۇ يا كۆل بويىغا،
سۇزۇك سۇ ئەلەمدە چايقاپ كەتتى باش.
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگۋاش — شاشلىقىم؟!

ئاق بۇلۇت قونغاندا ئىككى چېكەمگە،
چۆچىدىم، ئىزدىدىم، قالدىم تېڭىرقاپ.
نەزمىنى بەزمىگە قىلغاندا تۇترۇق،
قاچقانمۇ ياشلىقىم ئېزىپ، يېتىرقاپ؟
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگۋاش — شاشلىقىم؟!

كۆز تىكسەم زەر كۆككە، كۆز قىسماس يۇلتۇز،
مەسخىرە، رەنجىش بار قاراشلىرىدا.
يۇزلەنسەم ساباھقا، غوڭشۇيدۇ سوغۇق،
ئاچچىق بار چېچەكنى تاراشلىرىدا.
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگۋاش ــ شاشلىقىم؟!

تەڭتۇشلار چېھرىگە قونغان غەيۇرلۇق،
يىغلايدۇ ئىزىنى كۆمەلمەي بوران.
باقسام يوق ئارقامدا ھەتتا بىر چۇغلۇق،
لەيلەيدۇ ئالدىمدا قويۇق ئىس ـ تۇمان.
ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،
بېشىمغا چىقتىمۇ بەگۋاش ــ شاشلىقىم؟!

پۇشايمان تۇلپىرى قارىغۇ، ئورۇق،
يىراقتا قالدى يول، مەنزىل ۋە ئارمان.
ئەمدى چىلك تۇتسامۇ يۈگەننى تولۇق،
قاچقان پەيت كەلمەيدۇ قولۇمغا ھامان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھ ئىست، قېنى سەن گۈلدەك ياشلىقىم،

بېشىمغا چىقتىمۇ بەگۋاش ـــ شاشلىقىم؟!

1995 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار

مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار،
نېمشقا سۆيمەيمەن يۈرەكتە تۇرساڭ؟!
بولغاندا كۈنۈ تۈن دىدارىڭغا زار،
زەر شەبنەم چاقنىغان چېچەكتە تۇرساڭ؟!
سەن ئۈچۈن قەلبىمدە تۇغۇلغان باھار
تەپتىدىن ئۇلغايغان تىلەكتە تۇرساڭ؟!

※ ※ ※

مەن سېنى سورىدىم ئايدىن، قۇياشتىن،
ئۈيۈلۈپ ئاي، قۇياش سۈرمىدى زۇۋان.
مەن سېنى سورىدىم گۈلدىن، قاشتاشتىن،
باستى گۈل، قاشتاشنىڭ چېھرىنى تۇمان.
لەۋ، مەڭزىڭ رەڭ ئالغان چوغدىن، ئوتقاشتىن،
سەن گۈزەل پەرىزات، يوق قىلچە گۇمان.

كۆندە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيسەن نىگار،
تەلمۈرسەم پەلەككە، يۇلتۇز، ئايدا سەن.
دەرياغا قارىسام بولۇر ئىنتىزار،
كۆلسەڭ سۇ ئۈززە بولۇپ پەيدا سەن.
سېغىنىش قىلدىغۇ ئۇيقۇدىن بىدار،
تولغىنىپ، ئۆرتىنىپ دەيمەن قايدا سەن؟

سەن ياكى ئالۋۇنمۇ چۆلدە چاقنىغان،
قاقشايمەن يېتەلمەي ۋەسلىڭگە ئەجەب.
يىراقلاپ كېتىسەن كەلسەم تىكىپ جان،
يۈرۈيمەن دەشت كېزىپ تىنەپ، تەمتىرەپ.
ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن ئەقلىمدىن ئازغان،
ئەپكەتكىن يېنىڭغا مېنى يېتىلەپ.

قېرىشىپ قالدىمۇ تەقدىر ئىلاھى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچمەي كەتتىم قاغجىراپ.
چۈشۈمدە تەسەللى بېرىدۇ گاھى،
ئۇمىدكە مىنگەشكەن ۋىسال يالتىراپ.
تىلەيمەن، ھىجرانىي مۇھەببەت شاھى
مۇكچەيگەن يەلكەمگە ئارتما ئالدىراپ.

※ ※ ※

مەن سېنى سۆيىمەن سۆيۈملۈك نىگار،
نېمشقا سۆيمەيمەن يۈرەكتە تۇرساڭ؟!
بولغاندا كۈنۈ تۈن دىدارىڭدا زار
زەر شەبنەم چاقنىغان چېچەكتە تۇرساڭ؟!
سەن ئۈچۈن قەلبىمدە تۇغۇلغان باھار
تەپتىدىن ئۇلغايغان تىلەكتە تۇرساڭ؟!

1995 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شېرىن ئارزۇ

بىلەلمىدىم، سەندىن بى سوراق،
سېنى سۆيگىنىم گۇناھمۇ، ساۋاب؟
جېنىمنى ئالدى جۇدالىق پىراق،
تاپتىم ئۆزۈمگە تۈگىمەس ئازاب.

ئىشقى ئوتۇڭدا ئۆرتىنىپ ـ كۆيۈپ،
مۇڭ ـ ئەلەمنى يۇدۇپ كېلىمەن.
خىيالىمدا سېنى مىڭ سۆيۈپ،
نى مۇشكۇللەرنى بۆسۈپ كېلىمەن.

يۈرىكىڭنى ئېلىپ كېتىشكە،
تېپىلماسمۇ بىر ئەپچىل ئامال؟
كېلەرسەنمۇ سىرداش ئېتىشكە،
دەرد ـ ھالىمنى يەتكۈزۈشكە شامال؟

**1995** ـ يىل **12** ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# رەنجىمە، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق

## 1

كۆكلىدىك، شاخلىدىك، مېۋەك مول ـ سانجاق،
دۆپۈرلەر ئاستىڭدا مىڭلىغان ئاياق.
سېرىق سۇ تامچىغان ئېغىزلار كەك ھاك،
كۆك تامان سوزۇلغان قوللاردا تاياق.
ئېگىلگەن شاخلىرىڭ پۇتالدى، سۇندى،
كېلەر كۈز ئەسقاتار دېمىدى بىراق.
قۇرۇدۇڭ، كېسىلدىڭ، غولۇڭ ئۆيگە خا،
ياسالدى ئەگمەڭدىن ئېگەر، لىڭگىلچاق.
تەمىچىڭ تونۇرغا قىلىندى تۇترۇق،
كۈللىرىڭ سورۇلدى كۆككە بى سوراق.
نېمىتىڭ يۈزىنى قىلمىدى ھېچكىم،
شەربىتىڭ سۈمۈرۈپ سالىسمۇ قورساق.

رەنجىمە، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق،
تاماقنى يەپ بولۇپ چاقىدۇ تاۋاق.

2

ئوقچۇساڭ كار قىلماي تاغ ـ داۋان، توساق،
تۆيىقلىق تاش ئۇززە چاقاتتى چاقماق.
سۆرئىتىڭ ئەسلەتسە ئۇچقۇر شامالنى،
پەمگگە يات ئىدى نىشاندىن ئازماق.
ئىگەڭنى قۇتقۇزغان قورشاۋنى يېرىپ،
ياۋ قىستاپ كەلگەندە دەپ ئورنۇڭ دوزاق.
تەگكۈزگەن مايغا ھەم ئىگەڭ ئاغزىنى،
پەللىگە ئۇچۇپ تېز، تارتقاندا ئوغلاق.
قانچە رەت بەيگىدە شان قۇچقان يەنە،
ئىگەڭنىڭ قويىنغا ئاققان زەر يارماق.
جېنىم سەن، دەيتتى ئۇ يايلىڭنى تاراپ،
شادلىنىپ، تىلىدىن تامدۇرۇپ قايماق.
قېرىدىڭ، تېنىڭدىن كەتتى كۈچ ـ ماغدۇر،
سالدى ئۇ سېنى قوش ـ سۆرەمگە ھەرۋاق.

ئاچ قالدىڭ ھەم ئۇسسۇز، كەتتىڭ ماكچىيىپ،
ئۆكسىمەي دۈمبەڭدىن قامچا ۋە تاياق.
نەپسىنى باسالماي ئىگەڭ ئاخىرى،
گېلىڭغا خەنجىلىسىز سۇردى گال پىچاق.
گۆشۈڭنى چايىندى مەززە قىلىپ شاد،
تېرەڭدىن تىكتۇردى ئۆزىگە ئاياق.
رەنجىمە، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق،
ۋاپاغا چاپادىن قۇردۇ تۇزاق.

## 3

ئاتلاندىڭ سەپەرگە، مەنزىلىڭ يىراق،
دىلىڭغا ئەقلىڭدىن يېقىلدى چىراق.
تازا مول غەملىدىڭ ئوزۇق - تۈلۈكنى،
ئىگەردە قوش تۇلۇم، بېلىڭدە قاپاق.
شۇڭغۇدۇڭ قىزىغان تونۇرغا گويا،
قۇملۇققا ئىچكىرلەپ باسقاندا ئاياق.
كۆردۈڭكى، توپ كارۋان قالغان يىقىلىپ،
بەئەينى يىلتىزى قىرقىلغان قىياق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇسسۇزلۇق سۆرەيدۇ جەھەننەم تامان،
تىننقى ئوت ـ ئاتەش، لېۋى قاغجىراق.
قاپاقتىن بىر ـ بىرلەپ تېمىتتىك زەم ـ زەم،
سۇندى شۇم ئەجەلدىن تەگلەنگەن چوماق.
ئەپكەتتى تۇلۇمنى تىرىلگەن جانلار،
قۇتقۇزساڭ قىلىشىپ بۇرنۇڭدىن بۇلاق.
رەنجىمە، ئادەملەر ياشايدۇ شۇنداق،
بولمىسا چىن مىزان ئىنساپ ۋە ئەخلاق!

1995 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆتمدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز

كۆتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
مېھرى ئوت ـ لاۋا، قارامتۇل چىراي.
شوخ تەبەسسۇمى، نۇرلۇق سىيماسى،
يۈرەك ـ باغرىمدىن ئالغان چوڭقۇر جاي.

كۆتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
شەپەقنى يىرتىپ ئارتىپ بېشىغا.
كۆزلىرى يۇلتۇز، مەڭزى چوغ ـ توقاچ،
ياراشقان ئوسما ئەگىم قېشىغا.

كۆتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
سېغىنىشنى يەتكۈزەر شامال.
ئەسلىتەر ئۇنىڭ سۇمبۇل چېچىنى،
تەۋرەنسە لەرزان تاغدا مەجنۇنتال.

كۈتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
دۇتار تارىدىن ۋاپاسى ئايان.
سۈزۈك سۇنىڭ شىلدىرلىشىدىن
شوخ كۈلكىسىنى ئاڭلايمەن ھامان.

كۈتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
كىرىپ ھەر كېچە چۈشۈمگە پەملەپ.
ئەۋەتەر رەڭدار ھەسەن ـ ھۈسەننى
زەر پۈتا قىلىپ بېلىڭ باغلا دەپ.

كۈتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
ئېسىمگە سېلىپ سەبىي چاغلارنى.
كەڭ شورتاڭ دالا،
توپا يول،
ئۆستەڭ،
شورىدىن كىرگەن گۈزەل باغلارنى.

كۈتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
ئات قىلغان چۈنىق قالدى قەيەردە؟

لايدىن ياسىغان قۇچاق بالىمىز،
ئويىنامدۇ خۇشال قوپۇپ سەھەردە؟

كۈتىدۇ مېنى سەھرادا بىر قىز،
تەلمۈرۈپ يولغا ھىجران - پىراقتا.
يەنە بىر كەلسە شۇ سەبىي چاغلار،
زارىقمايتتۇق، ئاھ، بۇنچە يىراقتا!

1996 - يىل 1 - ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەنسىزلىك

يۈرەكنى ئاچايدۇ تاغدەك ئېغىر غەم،
ھېسلىرىم ئېسەدەپ تاشلىسا ئازاك.
يارامنى سىلىسا مۇڭ تۆكۈپ ئەجەم،
ئۆپكەمنى ئۆرۈيدۇ ئىلجىك بىر ئاھاك.
ئۈندەيدۇ:
كۆكنارغا يېپىشساڭ مەھكەم،
ئەس ـ ھوشۇڭ تەمتىلەپ ئىزدەپ يۈرمەس تاك.

باتۇرلۇق، ئاقىللىق
ئۇنتۇپ بويۇننى،
تۆگىنىڭ بۈرنىغا كولدۇرما ئېسىش!
ۋاھ قالتىس مۆجىزە
بۇزۇپ يوسۇننى،
تۇلپارنى بوغۇزلاپ مۇشۇكنى مىنىش!

ئاھ قانداق كارامەت
لىقلاپ قويۇننى
ئانىلار چېھرىگە يۇندىلار چېچىش!

قاشتاقلىق، ئەخمەقلىق بۇلبۇلنى دوراش،
كۇشۇلداپ ھۆپۈپلەر، سايرىسۇن قاغا.
پايتىما ئىسپاردىن خۇش ھىد، يوق تالاش،
رەيھانغا نە ھاجەت، ئەۋزەلدۇر خۇخا.
سەل كەبى ئۆركەشلەپ يامرىسۇن قارغاش،
قارغاشنى ئالقىشلاپ سەكرەيلى تازا!...

ئۆپكەمنى ئۆرۈيدۇ غىلجىك بىر ئاھاڭ،
يۈرەكنى غاجايدۇ تاغدەك ئېغىر غەم.
ئۆكسۈيدۇ چۇۋۇلغان ئالتۇن رەڭ باراڭ،
باغرى قان باغۇەننىڭ كىرپىكىدە نەم.
ئاھ، ئىدراك تولغىنىپ ئىزدەيدۇ ھۆر تاڭ،
مۇڭ ئىچرە مول مەلھەم تۆكىدۇ ئەجەم!

1996 ـ يىل 10 ـ ئاي، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پىنھان سىر

پۈخادىن چىقمەن شائىرنى سۆكۈپ،
بوتۇلكا ئىچىدە شارابقا چۆكۈپ.
شېئىر پىرى ئالدىدا ئۆلگەچ ئىزاغا،
بىر مىسرا يازالماي ئون يىل تەر تۆكۈپ...

**1996** ـ يىل **11** ـ ئاي، بېيجىڭ.

# كەمتەرسىنىڭ كەمتەرلىكى

(ساتىرا)

مەنلا بۇلبۇل گۈل تۈكۈپ سايرايدىغان،
مەنلا دۇلدۇل كۆك قۇچۇپ يايرايدىغان.
مەنلا غەۋۋاس ئۈنچە ـ مارجان سۈزگۈچى،
مەنلا زەرگەر زەرنىلا تاۋلايدىغان.

خەق ئاتالماس مەن كەبى سۇلماس چېچەك،
خەق يايالماس مەن كەبى كەڭرى ئېتەك.
چۈشكۈرۈپ قويسام جاۋاھىر تۆكۈلەر،
مەنلا دان، خەقلەر سامان ـ ساختا، پېچەك!

1996 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىسى

# سەن ئۆلمىدىڭ، ئۆلمەيسەن ئەبەت

— تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى
ئارسلان ۋاپاتىغا

مەن — شەمشەر،
مەن — يالقۇن.
— گېنرىخ گېنى

ئالدىيالماس مېنى شۇم خەۋەر،
ياق!
سەن ئۆلمىدىڭ،
ئۆلمەيسەن ئەبەد.
ھەربىر شېئىرىڭ بىر ئالماس شەمشەر،

ئەلگە قورال،

ياۋغا سۇر ــ دەھشەت.

※ ※ ※

باغلاپ تەڭرىتاغ قاردىن ئاق پوتا،
قايغۇ ــ ھەسرەتتە ئەگەر بېشىنى.
كېلەر تارىمدىن ئۆكسۈگەن سادا،
يارار پېغانى قىرغاق تېشىنى.

بۇقۇلدار تىنماي ھازىدار شامال،
تولغىنار ئىڭراپ گىياھ، مەجنۇنتال.
قۇياش يېشىنى سۈرتىدۇ بۇلۇت،
زېمىن كۆكسىدە مۇسىبەتلىك ھال.

«ئۇيپۇقتىكى سۈرەتلەر»[1] ھەتتا
مۇڭغا چۆككەن، كۆزلىرىدە نەم.
ئۆرلەيدۇ كۆككە تىترىتىپ ساما،
قىزىل مىڭئۆيگە سىغمىغان ئەلەم.

---

① مەرھۇمنىڭ شۇ ناملىق پوۋېستىدا نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىغا ئائىت مۇھىم كۆرۈنۈشلەر يۇقىرى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ۋە جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق يارقىن سۈرەتلەپ بېرىلگەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەتۈر پەلەككە ئوقۇيدۇ لەنەت،
«سېھرلىك ھەيكەل»[1] يۈتۈپ لەختە قان.
يىرتىدۇ ياقا ئۇممەت ۋە جۇرئەت[2] ،
كاج تەقدىرنى قاغاپ پەرىشان.

كەتتىڭمۇ راست، ئېيتقىنا شائىر،
يۈرەكنى داغلاپ بىزدىن ئايرىلىپ؟
بورانىنى يارغان قانىتىڭ ھازىر
كەتتىمۇ راست سۇنۇپ ـ قايرىلىپ؟

كىرگەنمىكىن يا ئەزرائىل تۈندە
غېرىب كۆلبەڭگە ئادىشىپ ـ ئېزىپ؟
ھەسەت قىلىپ يا سوزدىمۇ پەنجە،
تۇرغىنىڭدا شېئىردىن دۇر قېزىپ؟

---

① مەرھۇمنىڭ شۇ نامىلىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندى.

② مەرھۇمنىڭ «ھاياتتىن بىر كۈلكە» ناملىق ھېكايىسىدىكى پېرسوناژلار.

كەتتىڭمۇ يا سۇمۇرغدەك ئۇچۇپ،
يۇلتۇزلارغا بەرگىلى سالام؟
جىسمىڭنىمۇ نەزمەڭگە قوشۇپ،
يوشۇردىمۇ يا قەلبىگە ئاۋام؟

غەزىپىم بار كاچ تەقدىر ساڭا،
چىقىرامسەن بوران بىمەھەل؟
يىلتىزىڭغا ئۇرامسەن پالتا،
بولسىلا چىنار ئېگىز ۋە گۈزەل؟

غەزىپىم بار كاچ پەلەك ساڭا،
چىن تالانتقا ئۆچمۇسەن شۇنچە؟
سەندە يوقمۇ ئىنساپ ۋە ۋاپا،
چەيلەپ ئۆتەمسەن كۆرسەڭلا غۇنچە؟

غەزىپىم بار شۇم ئەجەل ساڭا،
ئوق ئۈزەمسەن يۇمۇپ كۆزۈڭنى؟
جان ئوۋلايدىغان بۇنداق شىكارغا،
قاچان تويارسەن، ئېيتە سۆزۈڭنى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

ئېلىپ كەتتىڭ سەن دەرد سېلىپ ئەلگە،
تېيىپجان، خوجا[1] ـــ داڭلىق شائىرنى.
ئېلىپ كەتتىڭ سەن ئۆتكۈرنى يەنە،
قۇربان ئىمىن، ئابلىز نازىرنى.

ئارسلانغا قول سوزدۇڭمۇ ئەمدى،
يانساڭمۇ گەر شىكاردىن چارچاپ؟!
ئەقلىڭنى لال قىلدىمۇ ياكى
مىسرالىرىدىن چاقنىغان ئاپتاپ؟!

قادالدىمۇ يا كۆزۈڭگە نۇرى،
شېئىر كۆكىدە چاقناتسا چاقماق؟
قۇلىقىڭنى پاڭ قىلدىمۇ نەئرى،
زېمىن كۆكسىدە جاراڭلاپ ياڭراق؟

سانجىلدىمۇ يا كۆكسۇڭگە بىردىن،
قاباھەتنى تىلغان خەنجىرى؟
چىدالمىدىڭمۇ شىجائىتىدىن،
چۇل ـ چۇل ئۈزۈلسە مۇشكۇل زەنجىرى؟

[1] تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگە ئادرېسى

ھېچ بىلمىدىم، تۇيۇقسىز ئاڭا
نېمىشقا زادى قالدىڭ ئۆچ بولۇپ؟!
ئارىمىزدىن ئەپكەتتىڭ گويا
كۆككە تاقاشقان چىنارنى يۇلۇپ!

قارغايمەن سېنى كاج تەقدىر، تەنتەك،
تېپىلماس سەندە ئادىللىق پەقەت.
سۆكىمەن سېنى ئەي تەتۈر پەلەك،
ياخشىلارغىلا يوللايسەن ئاپەت!

ساڭا غەزەپ - نەپرىتىم ۋولقان،
ئەي بىۋاپا، رەھىمسىز ئەجەل.
ئايرىمايسەن ھېچكىم ياخشى - يامان،
بىر تاياقتىلا ھەيدەيسەن تۈگەل.

ئىشەنمەيمەن، شائىرنى ھازىر
ئېلىپ كەتتىم دېسەڭ ماختىنىپ.
قانداق ئىشىنەي؟
ھېلىمۇ شائىر
جۇشقۇن كۈيىنى تۇرسا ياڭرىتىپ!

ئۇ ياشايدۇ يۈكسەك تاغلاردا،
شېئىر بەيگىسىدە چاپتۇرۇپ تۇلپار.
ئۇ ياشايدۇ گۈزەل باغلاردا،
سۇنۇپ ئەجرىدىن ئەنجۈر ۋە ئانار.

ئۇ ياشايدۇ دەريا، دېڭىزدا،
دولقۇنلارغا باغرىنى يېقىپ.
ئۇ ياشايدۇ دالا، ئېڭىزدا،
«زېمىن ئەركىسى»[1] گە ياندىشىپ، بېقىپ.

ئۇ ياشايدۇ زەڭگەر ئاسماندا،
«يۇلتۇزلار يۇرتى» ئىشقىدا يېنىپ.
ئۇ ياشايدۇ ئايدا، چولپاندا،
«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» دەپ كۆيلەپ قېنىپ.

ئۇ ياشايدۇ ھەربىر يۈرەكتە،
ئاتەش كۆيىدىن چاچرىتىپ يالقۇن.

① شائىرنىڭ شۇ ناملىق باللادىسىدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى مەدھىيىلەنگەن.

ئۇ ياشايدۇ ھەربىر چېچەكتە،
شىرنە يىغىپ بال ياساپ كۈن ـ تۈن.

شۇڭا دەيمەن ئۇ ھېلىمۇ ھايات،
يۈرىدۇ ئەنە مەغرۇر قەد كېرىپ.
قاقىدۇ نەزمە كۆكىدە قانات،
بوران كۆكسىنى لاچىندەك يېرىپ.

بۇغرا، بۇغدا، ئالماس① بار يەنە،
تەۋەررۇك قەلەمنى ئالار قولىغا.
كۆز يېشىنى سۈرتۈپ سەييارە،
باشلار بوغۇننى ئاتا يولىغا.

شۇڭا دەيمەن مەڭگۈ ھايات سەن،
ئەل كۈيچىسى ــ سۇنماس قانات سەن.

كۆچىسمۇ جىسمىڭ ئەرشكە، بىراق
كۆچمەيدۇ سۇنماس روھىڭ، ئىرادەڭ.

① مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

چاقناپ تۇردۇ دىللاردا ھەر ۋاق،
تەر ـ ئەجرىڭدىن پۈتكەن ئابىدەڭ.

ئالتۇن دىياردا نۇرلۇق ئىزىڭ بار،
ھەربىر ئىزىڭ گويا بىر داستان.
قىسسەڭنى سۆزلەر قىش ـ باھار،
ئىپتىخارلىق ئىلكىدە بوران.

چاقماقلاردا ياڭراپ غايەڭ،
گۈلدۈرمامىدىن كېلەر كۈيلىرىڭ.
يۈرىكىڭدىن شەپەق ئالغان رەڭ،
تاۋلىنار چوغدەك ئىجاد گۈللىرىڭ.

نۇرلۇق يۇلتۇزسەن يارقىن پارلىغان،
شېئىرىيەتنىڭ كۆكىدە ئۆچمەس.
ئۆلمەس شائىرسەن، كۆڭۈلدەك چاقنىغان،
قەلب تۆرىدىن جاي ئالغان، كۆچمەس!

※ ※ ※

ئالدىيالماس مېنى شۇم خەۋەر،

ياق!

سەن ئۆلمىدىڭ،

ئۆلمەيسەن ئەبەد.

ھەربىر شېئىرىڭ بىر ئالماس شەمشەر،

ئەلگە قورال،

ياۋغا سۈر ـ دەھشەت.

1996 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى

# شىلتىڭچىغا

يۈزىڭىز تومپاي ئۆتۈكنىڭ چەممۇ؟
قامچىنى دەمسىز ھەسەلدەك تەممۇ؟
يۆگىنىپ ئەسكى پالازغا، ياتسىز،
بىلىنىپ ئالتۇن قەسىردەك، گەممۇ!

رەڭ بىرىپ ئۆتمەس ماتانى ساتسىز،
كۆرسىڭىز پۇقرانى مۇزدەك قاتسىز.
ئۆتسە بەگ، خۇددى غۇزەكتەك ئېچىلىپ،
پۈكۈلۈپ ماڭلاينى پۇتقا چاتسىز.

گىدىيىپ كەتسە بىگىم قويماي قاراپ،
ماختىنىپ دەيسىز:
— ئاڭا قالدىم ياراپ.
ماڭا تون كىيدۈردى بەگ ئاتتىن چۈشۈپ،
قويدى ئالتۇن تارغىقىدا چاچ تاراپ...

پاقدەك پۈۋلەپ قورساقنى كۆپتۈرۈپ،
قويىسىز لاپتا ئۆكۈزنى ئۆكتۈرۈپ.①
ئاتىسىز شىلتىڭنى كۆككە، چاغلىماي،
ئىچمەن دەيسىز دېڭىزنى كۆمتۈرۈپ…

※ ※ ※

يۈزىڭىز تومپاي ئۆتۈكنىڭ چەممۇ؟
قامچىنى دەمسىز ھەسەلدەك تەممۇ؟
يۆگىنىپ ئەسكى پالازغا، ياتسىز،
بىلىنىپ ئالتۇن قەسىردەك، گەممۇ!

**1997** ـ يىل **11** ـ ئاي، بېيجىڭ.

① كرىلوفنىڭ «پاقا بىلەن ئۆكۈز» ناملىق مەسەلىدە بىر پاقىنىڭ ئۆكۈزدەك چوڭ بولالايمەن دەپ ماختىنىپ، ھاۋانى ئىچىگە كۆچەپ سۈمۈرۈپ چىڭىقلىۋېرىپ، ئاخىرى قورسىقىنىڭ «ۋاققىدە!» يېرىلىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قىلىپ دەرياسىدىن ئۈنچىلەر

(چاتما شېئىر)

## مۇقەددىمە

لايىقتۇر ئاپىرىن، ئالقىش، ھۆرمەتكە،
ئەل ـ ئاۋام رايىنى ئىگىلىگەنلەر.
ئالەمدەك كەڭ نەزەر، كەڭ كۆكسى بىلەن
سەپەرگە تۇلپارنى ئىگەرلىگەنلەر.

## سەپەر خۇشاللىقى

يۈرەكلەر خۇشاللىقنىڭ بۇلىقمۇ،
شوخلۇقتىن مارجان تىزىپ ئۇقچۇيدىغان؟

كۆلكىلەر ئۇچقۇر دۇلدۇل تۇيىقمۇ،
دىللاردىن ئوت چاچرىتىپ چوقچۇيدىغان؟

يول بويى ئۇزۇلمەدى ناخشا ـ قوشاق،
سۆيۈندى جانلار دۇتار ساداسىدىن.
ئارىلاپ بولدى تەڭكەش ئاڭا چاقچاق،
شىپالىق تاپتى دىللار داۋاسىدىن.

ۋاگون تار، ئەمما كۆڭۈل دېڭىزدەك كەڭ،
قىزىدى لەرزان ئۇسسۇل تارچۇقتىمۇ.
ئوينىسا قىز ـ يىگىتلەر بېقىشىپ تەڭ،
ئىشقتىن ئوت چاقنىدى قارچۇقتىمۇ.

خالايىق قاراپ قالدى بولۇپ ھەيران،
«نېمانچە خۇشال، جۇشقۇن مىللەتتۇ» دەپ.
«ئالتۇندەك ۋۇجۇدىدا يالتىرىغان
قانداق روھ، قانداق ئېسىل خىسلەتتۇ» دەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قەدىمكى ئاستانە ــ شىئەن

گىرىمسەن تۇماننى قىلىپسەن رومال،
مەرۋايىت ـ مارجىنىڭ سىم ـ سىم يامغۇر ھەم.
قاردەك ئاق چېچەكنى يەلپۈپ شوخ شامال،
نەۋقىران چېغىڭدىن ئال دەيدۇ مەلھەم.

سەن قېرى، سەن ھەم ياش، خىيالغا چۆككەن،
گۇرۇلدەر جىسمىڭدىن تارىخ چاپقۇنى.
سىپىلىڭ ئاستىغا نى سىرلار مۆككەن،
لاۋۇلدار كەچمىشىڭ رەڭدار يالقۇنى.

ئالتۇن تاج نەلەردە قالدى كۆمۈلۈپ،
قېنى ئۇ خاقانلار سەلتەنەتلىرى؟
يىلىڭتىن ياسالغان مەيگە چۆمۈلۈپ،
كۆرەلەپ تۈزۈشكەن مەئىشەتلىرى؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سەپ تارتىپ تۇرۇشار لاي نەۋكەرلەر[1] تىك،
ئۇ، زۇلۇم ـ زورلۇقنىڭ شاھىت ـ ئىسپاتى.
ئۆلسە خان سانسىز جان كۆمۈلگەن تىرىك،
كېلەر يەر تەكتىدىن نالە ـ پەريادى.

بىر ئاچچىق ئەسلىمە قوزغاپ يۈرەكتە،
ئۇ تارىخ چۈش بولۇپ قالدى يىراقتا.
چاقنىدى ئارزۇلار ھەربىر چېچەكتە،
ئاھ ئۇرماس قان يىغلاپ ئەل دەرد، پىراقتا.

ئىپتىخار ئىلكىدە تۇرنا راۋىقى[2] ،
زەر تونلۇق بەستىگە تاشلايدۇ نەزەر.
ۋالىداپ ئىقبالىنىڭ ئالتۇن تاۋىقى،
جاھاننىڭ زوقىنى تارتار شۇ قەدەر.

پەلەككە بوي سوزغان رەت ـ رەت بىنانى
يۈكسەلگەن قەددىڭنىڭ تىمسالى دەيمۇ؟

① لاي نەۋكەرلەر ــ چىن شىخۇاڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئازگاللاردىكى لايدىن ياسالغان قورچاق لەشكەرلەر.
② تۇرنا راۋىقى ــ شىئەن شەھىرىدىكى قەدىمكى مەشھۇر راۋاق.

هۆسنۇڭدە جانلىنىپ كۆلگەن زىيانى
شۆھرىتىڭ، داڭقىڭنىڭ جۇلاسى دەيمۇ؟

ئەي شىئەن، سەن قېرى ھەم ياش ـ نەۋقىران،
گۈرۈلدەر جىسمىڭدىن تارىخ چاپقۇنى.
نامىڭنى ئۇلۇغلاپ ئوقۇيدۇ داستان،
خىسلەتلىك دەۋرانىنىڭ رەڭدار يالقۇنى.

## يەنئەن

ھىدلاپ كەلدىم چىمەنزارلىق باغلىرىڭنى، تەلپۈنۈپ،
ئالتۇن كەبى سېرىق، سىرلىق تاغلىرىڭنى، تەلپۈنۈپ.

نامىڭ تونۇش، يۈرىكىمدە ئورنۇڭ يۈكسەك، مۇقەددەس،
ئىدىرلىرىڭ خۇددى كۆرەش دولقۇنىدەك ئېگىز ـ پەس.

گەمىلەردە چاقناپ تۇرار شام ـ چىراغلار ھېلىمۇ،
لەپىلدەيدۇ جەڭدە كۆيگەن تۇغ ـ بايراقلار ھېلىمۇ.

سىنى كۆرۈپ بىلدىم يەنئەن غەلبىمىزنىڭ سىرىنى،
يەنخې سۈيى چايقايدىكەن دىللارنىڭ داغ ـ كىرىنى.

كۆز ئالدىمدا داۋۇلغۇدى ئەينى يىللار ئۇپقۇنى،
لاۋۇلدىدى زۇلمەت تۈننى ئۆرتىگەن ئوت ئۇچقۇنى.

ئوقۇدۇم بىر شانلىق داستان بىسىپ ئۆتكەن ئىزىڭدىن،
ئۇلۇغۋارلىق، جۇشقۇنلۇقنى كۆردۇم ئاددىي جىسمىڭدىن.

ئىشخانىلار ـــ پاكار كەمە، ھەشەمەتتىن ئەسەر يوق؛
سۇنۇق ئۈستەل، پۇچۇق بەندىڭ، سالاپەتتىن ئەسەر يوق.

كاڭدا بورا، ياماق يوتقان، ياتاق ئۆيلەر بەك غۇربەت،
شۇ غۇربەتتىن چاقناپ پاكلىق، گۇم بولغانغۇ شۇم زۇلمەت.

كۆرۈنمەيدۇ ۋۇجۇدىڭدا سۆلەتۋازلىق ـــ نوچىلىق،
كۆرۈنمەيدۇ يا چىرىكلىك، ساختىپەزلىك، پوچىلىق.

خىيانەتچى، پارىخورغا سەندە ماكان يوق ئىكەن،
يالاي دېسە تەخسەكەشكە ھەتتا تاپان يوق ئىكەن.

قات ـ قات سىلىق بوغماپتىكەن زادى ئاۋام گېلىنى،
شۇڭا جەڭگە ئات سالپتىكەن ئەلمۇ باغلاپ بىلىنى.

خىسلىتىڭدىن ئاقتى، يەنئەن، كۆز ياشلىرىم تامچىلاپ،
چوڭقۇر خىيال سەگىتىپ باش، ئۆتتى دىلنى قامچىلاپ.

※ ※ ※

ئەنئەنەڭدىن بىلدىم يەنئەن غەلىبىمىزنىڭ سىرىنى،
يەنىخې سۇيى چايقاپ تۇرغاي ھېلىمۇ دىل كىرىنى!

## بېيجىڭ

### 1

بۇرۇنتۇم تېخى خەت تارتمىغان چاغلار،
قوينۇڭغا ئەركىلەپ كەلدىم يىراقتىن.
ئوغلۇم دەپ پەپىلەپ باستىڭ باغرىڭغا،
مېھرىڭنى سەزدىم ھەر چېچەك ـ قىياقتىن.

مەن سېنى يۇرەكتىن سۆيدۇم باغاشلاپ،
سەن ماڭا سۆيۈملۈك ئىككىنچى ماكان.
شياڭشەندە چوغ ياپراق ئوت ياقسا دىلغا،
بېيخەيدە مەي تۇتتى گۈل يۈزلۈك جانان...

ئاھ، بۈگۈن چېكەمنى باستى ئاق قىرو،
چاپچىماس ياشلىقنىڭ چۇشلىرى رەڭدار.
لېكىن سەن توز كەبى يايدىڭ زەر قانات،
قىرانلىق سۈلكىتىڭ ئالەمگە داڭدار.

بىنالار ئاق بۇلۇت كۆكسىنى يارغان،
كوچىلار، كۆۋرۈكلەر كەتكەن چىرمىشىپ.
ھۆسنۈڭگە شەيدالار كېلەر ئۈزۈلمەي،
تاغ ئېشىپ، ئوكياندىن ئاتلاپ، تىرمىشىپ.

مەن سېنىڭ قوينۇڭدا بەختىيار، خۇشال،
ئۇرغۇيدۇ دىلىمدىن ئىپتىخار، غۇرۇر.
ئايلانسام رەستەڭنى، خان سارىيىنى،
سىزىمەن ئۆزۈمنى شاھ كەبى مەغرۇر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاھ!...

بىراق ئانا يۇرت سىماسى ھامان
ئالدىمدىن مىنۇتمۇ كەتمەيدۇ يىراق،
سېغىنىش ھېسسىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ،
ئۆرتەيدۇ قەلبىمنى، سېلىپ ئوت ـ پىراق...

2

زۇمرەت كۆل لېۋىنى سۆيسە مەجنۇنتال،
ئالتۇندەك چاقنايدۇ پورپاڭ توپا يول.
دىلنى مەست ئەيلىسە جىگدە خۇش ھىدى،
بۇلبۇلنى كەشتىگە قوندۇرار ئەپ قول.

ئۇپۇققا بەرسە رەڭ دولان مەشرىپى،
ھېيتگاھنىڭ ساماسى كۆككە ئوت ياقار.
تۈن يارسا ئىلچىدا ياغ قاپاق مەشئەل،
غۇلجىدا چاقچاقنىڭ چاقمىقى چاقار.

تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى ئويناتسا ياقۇت،
پەيزاۋات قوغۇنى كېلەر قەنت چېچىپ.

بال بىلەن بەسلەششە ئاتۇش ئەنجۇرى،
قەشقەرنىڭ ئانارى كۆلەر يۈز ئېچىپ.

ئەيمىنىپ سەيلىگە چىقالماس پەرى،
كۆچانىڭ قىزلىرى كۆرسەتسە دىدار.
قىياقتەك قاشلىرى، سۇمبۇل چاچلىرى،
قىلار نى يىگىتنى ئۇيقۇدىن بىدار...

ئېخ، يۇرتۇم گۈزەلسەن، مېھرىڭ ئوت ـ لاۋا،
ئوغۇم ۋە چۇشۇمدە ئاچسەن جامال.
سەن تامان ئاقىدۇ ئىشقىم سەل بولۇپ،
يولۇمنى تاغ ـ داۋان قىلسىمۇ قامال.

چىققاندا ئەۋجىگە سېغىنىش ھېسسى،
تۆكۈلەر كۆز يېشىم مارجاندەك گويا.
تەسەللى مەلھىمى سېپەر شۇ ھامان،
قەلبىمنى چۇشەنگەن بىيجىڭ ـــ جان ئانا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 3

يۇرتداشلار كەلگەندە قوينۇڭغا بۇگۈن،
كۆرۈندىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق باشقىچە.
ئايلاندۇق باغچاڭنى، ئاۋات كوچاڭنى،
دىللاردا شادلىقتىن قىيان تاشقۇچە.

تەڭرىتاغ يوللاپتۇ ئوغلىغا سالام،
باش ئېگىپ بىلدۈردۈك سەنمۇ ئېھترام.
تيەنئەنمېن راۋىقى ئاچتى قوينىنى،
ھەم «دۇنيا باغچىسى» دېدى: كەل بالام!

بىز گويا شوخ بېلىق، سەن زۇمرەت دېڭىز،
پىلتىڭلاپ يايرىدۇق مېھرىڭگە قېنىپ.
شەنگگە ياڭراتتۇق ئوتلۇق ناخشىنى،
ئانا يۇرت ئىشقىدا كۆيگەندەك يېنىپ...

※ ※ ※

ئەي بىيجىك، سۆيىمەن سېنى يۈرەكتىن،
سەن ماڭا سۆيۈملۈك ئىككىنچى ماكان.
ئانا يۇرت باغرىغا سىڭسەممۇ كېيىن،
ئېسىمدىن چىقمايدۇ گۈل يۈزلۈك جانان!

## دالىيەن

ياتسەن قۇچاقلاپ زۇمرەت دېڭىزنى،
شېرىن چۈش قوينىدا تەۋرىنىپ لەرزان.
مىنگەشكەن دولقۇنلار مامۇق ياستۇقۇڭ،
پەرقاققان چايكىلار سىرداشىڭ ھامان.

سەن گويا پەرىزات، گۈزەل تەڭداشسىز،
جىلۋەڭدە دىللارنىڭ مەيلىنى ئوتقان.
سەن گويا زەر تاڭدا ئېچىلغان غۇنچە،
ياقۇتتەك لېۋىڭدىن شېرىن مەي تۇتقان.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇرغان يول ـ كوچاڭ،
بىغۇبار قەلبىڭنىڭ چاقنىغان ئەكسى.
بۇلۇتتىن ھالقىغان بىنا، تۇرخۇنۇڭ،
شانىڭنى ساماغا يازىدۇ تەكشى.

ئالتۇندەك تاۋلانغان جىلۋىدار سەبدەڭ،
خوشلۇقۇڭ بەرگەندىن تۆكىدۇ شەبنەم.
شاخلاردا يۇلتۇزدەك چاقنىغان مېۋەڭ،
ئۇتۇقۇڭ كۆكدە ئويىنتار ئەلەم.

چىمەندە سىرداشتىم كەپتەرلىك بىلەن،
سىرىڭنى پىچىرلاپ ئېيتتى ئۇ ماڭا.
چاقناپتۇ بېشىڭدا پاك خىسلەت تاجى،
ئالەمچە ھۆرمەتتە تىكىلدىم ساڭا.

كۆرمىدىم گۈل يىرىپ، شاخ سۇندۇرغاننى،
كۆرمىدىم گىياھنى چەيلىگەننى ھەم.
كۆرمىدىم گال سىقىپ، ياقا يىرتقاننى،
كۆرمىدىم ئاق چېكىپ لەيلىگەننى ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆرگىنىم جۇشقۇنلۇق، ئەدەپ ۋە ئەخلاق،
چۈش كەبى گۈزەللىك قالغىنى ئەستە.
تۇرسىمۇ ئوقسىمان مۇنار① گىدىيىپ،
ئىرادەڭ، روھىڭدىن قاپتۇ كۆپ پەستە.

ئەي دالىيەن، سەن گويا گۈزەل ئەپسانە،
جىلۋەڭگە باغلاندىم سېھىرلىك كۈچىدىن.
ياقۇتتەك لېۋىڭدىن تۇتقىنىڭدا مەي،
تامدى زەر ـ دۇردانە قەلەم ئۇچىدىن.

## تېنجىن

دىدارلاشتۇق،
قىنشالمىدۇق،
ۋىسال پەيتى بولمىدى ئۇزۇن.

---

① ئوقسىمان مۇنار ــ ياپون جاھانگىرلىكى 1904 ـ يىلى چارروسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دالىيەننىڭ لۈشۈنكو ئېغىزىدىكى تۆپىلىككە ئوقسىمان مۇنار ياسىغان. بۇ مۇنار ھازىرمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ جىنايى پاكىتى سۈپىتىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ.

بىراق قوينۇڭدا ئۆتكەن يېرىم كۈن،
قوشتى ئۆمرۈمگە يېڭىچە مەزمۇن.

توي كېچىسىدەك تۇيۇلدى شېرىن،
ئىللىق باغرىڭغا باسقاندا مېنى.
مەڭزىمنى ياش ئۆتىدۇ يۇيۇپ،
ھەر رەت ئەسكە ئالغاندا سېنى.

## خاتىمە

كۆمەر تالاي ئەسلىمنى يىللار بورىنى،
ئەمما چاقنار قۇتلۇق سەپەر ئىزى يۈرەكتە.
بۇ سەپەردە ئاچتۇق راۋان بۇلاق كۆزىنى،
كۆرگىن ئىلھام پەرىسىنى ئەمدى چېچەكتە!

**1997** ـ يىل **11** ـ ئايدىن **1998** ـ يىل
**1** ـ ئايغىچە شىئەن ـ بېيجىڭدا يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سېغىنىش كۈيلىرى

## ئاتا قەسىدىسى

— ئالەمچە ھۆرمەت بىلەن قەدىردان دادام
ئىمرەل ئاخۇنغا بېغىشلايمەن

ئاھ، جان ئاتا،
سېغىنىپ قالدىم چۆچەكلىرىڭنى،
يەنە بىر رەت ئېيتىپ بەرسەڭچۇ ماڭا.

※ ※ ※

يۇرەمدىغانسەن ھېلىمۇ ئاتا،
ساپ ھاۋالىق جەننەت بېغىدا

ماتا چاپاننى چىم قىرغا تاشلاپ،
مستەك پارقىراپ تېنىگىنى بويلاپ
شۇرقىراپ چۈشكەن ئاچچىق تەر بىلەن
كەتمىنىڭنىڭ سېپىنى يۇيۇپ،
خۇشبۇي ئەتىرگۈل، لالە ئۆستۈرۈپ؟
تاڭ سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ،
شەبنەم قونغان غۇنچىنى ئۈزۈپ،
ئانامنىڭ ئاق سانجىغان چېكىسىگە
مېھرىڭ بىلەن قويامسەن تاقاپ؟
كۈلەمدىغانسەن ھازىرمۇ ئاتا،
يېرىم كېچىدە ۋاق - ۋاق يېرىلىپ
پىشتىم، تېزراق ئېغىز تەگكىن، دەپ
سېنى شېرىن ئۇيقۇدىن چىللاپ
ئويغىتىدىغان كۆكچىنى تېرىپ؟
بەلكىم بۇ چاغقا
مۇناقى ئۈزۈملىرىڭ سالغاندۇ باراڭ؟
ئۆرۈك كۆچىتىڭ بەرگەندۇ مېۋە؟
چۈشكەندۇ يەنە
شاپتۇللىرىڭدىن شەربەت تامچىلاپ؟

شەپەقتەك قىزىل
چىلگە كەبى ئانارلىرىڭ
چاك ـ چاك يېرىلىپ
يەرگە تەگكەندۇ شاخلارنى ئېگىپ
تۆۋەن ساڭگىلاپ؟

ئەي جان ئاتا،
ھېلىغىچە ئېسىمدە تېخى
شورىدىن شۇڭغىغان سەبىي چاغلىرىم،
ئۆز بېغىمىزدا تۇرسا مېۋىلەر
كۆز يېغىنى يەپ چاقناپ ـ يالتىراپ؛
نېمىشقىدۇر ئاڭا
قويماپتتىم قاراپ.
كۆز سالاتتىم خەقنىڭكىگە
پاكار تامغا يامىشىپ، ماراپ.
شۇ چاغدا بەلكىم
باشقا باغنىڭ مېۋىلىرى
تاتلىق تېتىپ كەتكەنمكىن ـ تاڭ

گۈپۈلدەپ پۇراپ؟
ئېھتىمال كۆزۈمگە كۆرۈنگەي چېغى
ئۆرۈك شاخلىرى سېرىق ئالتۇندەك
قوغۇن پىلەكلىرى يېشىل زۇمرەتتەك
كۆڭلۈمدە ئۆزگىچە بىر ھەۋەس قوزغاپ.
شۇڭا بۈگۈنى
بادام دوپپامدا لىققىدە غورا
يۇمران شاخلارنى ئېگىپ ـ سۇندۇرۇپ
ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالسام مەن يۇتاپ؛
ئەتىسى
قولۇم، قوينۇمدا بىر نەچچە سويما
قوشنىلىرىمنىڭ قوغۇنلۇقىدىن
غىپپىدە ئۈزۈپ
قاچار ئىدىم سەكرەپ، پىلتىڭلاپ...
ئەي جان ئاتا،
ئاخىر بىر كۈنى
شورادىن ئۆمىلەپ چىقسام غىپپىدە،
تۇتۇۋالدىڭ مېنى كاپپىدە.
تۇتۇۋالدىڭ ئامبۇردەك قىسىپ

يىڭناغۇچتەك بىلىكىمدىن سەن.
تۇتۇۋالدىڭ گوياكى شۇ تاپ،
دۈپۈلدىگەن يۈرىكىمدىن سەن.
قورقىنىمدىن تىترەيتتىم غال ـ غال،
ئالدىڭدا ھەم بولدۇم بەك ئوسال،
قورقتۇم تېخمۇ چېھرىڭگە قاراپ.
چىرايىڭ غەزەپتىن كەتكەن كۆكىرىپ،
شەمشاددەك قەددىڭ قاپتۇ پۈكۈلۈپ،
يانار ئىدى كۆزلىرىڭدىن ئوت
گويا گۈلخاندەك چاراسلاپ چاقناپ.
قولۇڭدىكى كۆك چىۋىق بىلەن
ساۋىدىڭ راسا
يىغلاپ كەتتىم شۇئان قىرقىراپ.
يۇمران، ئىنچىكە پاچاقلىرىمدا
قالدى ئۇيۇپ يول ـ يول قان ئىزى
قاچتىم ئالدىڭدا ۋايجان! دەپ توۋلاپ.
قوغلاپ كەلدىڭ كەينىمدىن يەنە
ئېغىر ھاسىراپ.
نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ شۇ دەم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىقىلدىم يەرگە
ئېغىز ـ بۇرنۇم كەتتى ھەم قاناپ.
شۇئان يۆلەپ تۇرغۇزدۇڭ مېنى
ئېيتتىڭ يېشىڭدە قان ـ ياش يۇقنى
لېكىن رەھىم قىلماستىن پەقەت
يەنە كۈچەپ ساۋىدىڭ مېنى
كۆزلىرىڭدە ياش تۇرسىمۇ ئەگىپ
چاناقلىرىڭغا پاتماي لىغىرلاپ.

ئەي جان ئاتا،
ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى مېنى
قۇچىقىڭغا ئالدىڭ پەپىلەپ
سىلاپ يارا ـ قان ئىزلىرىنى
يىغلاپ كەتتىڭ بىردىن بۇقۇلداپ.
تامچىلىغان يېشىڭغا قوشۇپ
ھېكايە ـ چۆچەك كەۋسىرى بىلەن
ئارازلىق قەلبىمنى قويدۇڭ سۇغۇرۇپ
گۇمانىمغا بەرگەندەك جاۋاب:

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— بولغان ئىكەن بۇرۇن - بۇرۇندا
بىر كەپسىز بالا
قولىغا چىققاننى كەلسە ئوغرىلاپ
ئانىسى تەربىيە بەرمەي ئۇنىڭغا
ئەقىللىق، ئاق بالام دەيدىكەن ماختاپ.
ئاخىر ئۇنىڭ يۈرىكى، نەپسى
بويى بىلەن تەڭلا يوغىناپ؛
دار ئالدىدا بولۇپتۇ پەيدا
قاتىللىق قىلىپ ئالتۇننى بۇلاپ.
كەپتۇ ئانىسى ئوغلى قېشىغا
قار - يامغۇر يىغلاپ.
دەپتۇ ئوغلى:
«تىلىڭنى چىقار
ئاخىرقى تىنىقتا ئالاي بىر شوراپ.»
ئانىسى ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ
دەپتۇكى: «شورىۋال مېھرىمگە قېنىپ.»
شۇئان ئوغۇل گاچ قىلىپ چىشلەپ
ئۈزۈۋاپتۇ ئانا تىلىنى
يىغلاپ ھەمدە كۈلۈپ قاقاقلاپ:

«بولماستىم بەلكىم
بۇنداق كۈنگە ھەرگىز مۇپتىلا
توسقان بولساڭ مېنى باشتىلا
كۆك چۈبقتا راسا ساۋىداپ...»
چۈشەنگەنسەن بالام سۆزۈمنى
خالىمايمەن ئەسلا ئۆزۈمنى
ئالدىڭدا گۇناھقا قويۇشنى مىخلاپ...

ئەي جان ئاتا
كىرگەن چاغدا مەنمۇ شۇ ياشقا
ئەقىل ـ ئىدراك قونغاندا باشقا
كۆڭلۈمنى تېخىمۇ چۈشەندىم ئويلاپ
ئۈمىد ـ ئارزۇيۇڭ دەرياسى بويلاپ.
خۇددى مېنى قۇيۇنتاز سوققان
ئەۋرىشىم نوتىدەك ئېگىلىپ ھەريان
ئەگرى بولۇپ قالماي ھېچقاچان
تۈپتۈز ئۆسسۇن دېگە ئىكەنسەن
چىن ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانى بىلەن

پاناھىڭدا ھەرقاچان ئاسراپ.
بىراق ئۇ چاغدا چۈشەنمەي سىنى
يۈرىكىمدە كەچۈرمەي سىنى
رەنجىگەن بولغىيدىم چىكىپ كۆپ ئازاب…

ئاھ، جان ئاتا
شۇ كۈندىن باشلاپ
دىلىمغا چىلىڭ ئورناپ سەن بەرگەن ساۋاق
بىر ئۆمۈر بولدى ئۇ يولۇمغا چىراق
شۇڭا زىخ ئالتۇن قالسىمۇ ئۇچراپ
قويمىدىم ھەتتا ئاڭا بىر قاراپ.
سۇۋادانىدەك ئۆستۈم شۇنداق تۈز،
راستچىل، سەممىي، ئالتۇن كەبى ساپ…
شۇڭا سەنمۇ ماڭا كۆيۈنۈپ
پېشانەمگە قوياتتىڭ سۆيۈپ
پەخىرلىنىپ ھەتتا بەزىدە
قوشنىلارغا بېرەتتىڭ ماختاپ
چىن مېھرىڭ بىلەن بېشىمنى سىلاپ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

ئېرىپ كېتەتتىم ماي كەبى شۇئان
بەخت بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ لەرزان
ئاتىلىق مېھرىگەدىن يۈرىكىم يايراپ…

※ ※ ※

ئاھ، جان ئاتا
سېغىندىم سېنى
شۇ كۆك چېۋىقتا
يەنە ساۋاب قويساڭچۇ مېنى
قەبرىگاھىڭنى قىلغاندا تاۋاب…

1999 ـ يىل 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئانا قەسىدىسى

— دېڭىزدىن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مېھرىبان ئانام
گۈلھەسەلخانغا بېغىشلايمەن

ئەي جان ئانا،
تاپىنىڭغا كىرسە بىر تىكەن،
ئالاتتىڭ دەرھال كىرپىكىڭ بىلەن.

※ ※ ※

دادام ماڭا ئوچاق ئالدىدا
ئېيتىپ بەرسە چۆچەك ـ رىۋايەت؛
ھەممىگە قىزىققان كىچىك بالىدەك
بېشىڭنى ئازراق قىلىپ سىڭايان
ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ سالاتتىڭ قۇلاق،

زادى لوقما سالمايتتىك ھېچ ۋاق.
دىلىڭدا ھېسداشلىق ياسسا قيان
تارام ـ تارام ياش تۆكەتتىك پەقەت.
ئەي جان ئانا،
كۆزۈم كۆرگەن،
كۆڭلۈم تۇيغان،
ئىدى باغرىڭ ئاجايىپ يۇمشاق
ئوقچۇيتتى قەلبىڭدە دەريا مۇھەببەت.

دادام تۇيۇقسىز
بىلىكىمدىن ئامبۇردەك قىسىپ
كۆك چۆنقتا بەرگەندە ساۋاق؛
ھىمايەڭگە ئىلىپ سەن شۇئان
تېنىڭ بىلەن دالدا ياسىغان،
تاياق ئازابىدىن مېنى قۇتقۇزغان،
قان تەپچىرەپ چىققان يول ـ يول ئىز
قالغان ئىدى دۈمبەڭدە بىراق.
شۇندىمۇ سەن كايىش، زارلاشتىن،

ئاغرىنىشتىن تۇرغانىتىڭ يىراق.
پەقەت مېنى باغرىڭغا بېسىپ
بۇقۇلداپ ـ بۇقۇلداپ يىغلىغان ئۇزاق.
دېگەنىتىڭ ماڭا قىلىپ نەسىھەت:
«خاپا بولما داداڭدىن پەقەت،
داداڭ تۇز كۆڭۈل، مىجەزى چۇسراق.
ئەگرىلىككە بەك ئۆچ ئاشۇنداق!
بىلىمەن داداڭ
جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ سېنى،
كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ سېنى
ئەگرىلىكتىن ساقلىنىپ بالام
تۈپتۈز ئۆسسۈن دەيدۇ ئۇ سېنى
بولمىسا ھەرگىز
ئىشقا سالماس ئىدى تاياقنى.
بۇگۈندىن تارتىپ
ھېچ ئۆچمەس قىلىپ
يۈرىكىڭگە ئۇيۇۋال بالام
داداڭنىڭ قولى تىترەپ تۇرۇپ،
يۈرىكى قان يىغلاپ تۇرۇپ،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆك چۈبقتا بەرگەن ساۋاقنى…»
شۇدەم باغرىڭغا يىقىپ بېشىمنى
كۆزدىن ئەمەس
يۈرىكىمدىن تۆكۈپ يېشىمنى
يىغلاپ كەتتىم ھۆڭرەپ بىر ھازا.
سەنمۇ گويا كىچىك بالىدەك
ئىسەدەپ، بۇقۇلداپ يىغلىدىڭ تازا،
كەزگەندەك ئازاب تاغلىرىنى.
يۇيۇپ ئۆتتى سەلدەك كۆز يېشىڭ
پاچىقىمدىكى قان ئىزلىرىنى
بەلكىم يۇمران يۈرىكىمنىڭ
دەسلەپكى چاڭ ـ داغلىرىنى…

«ئىسرىق، ئىسرىق…
كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە تەگ،
سۆزى يامانىنىڭ سۆزىگە تەگ،
ئىسرىق، ئىسرىق…»
ھەر كۈنى شۇنداق

بوسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىدا
ئىسرىق سالاتتىڭ بويۇمغا ئانا.
قىزىق تۇيۇلۇپ بۇ ئىش بەك ماڭا
ئىچىمدە كۈلۈپ قوياتتىم ساڭا:
«كۆكۈچ ئىسنىڭ نىمە پايدىسى
بولامدىغاندۇ تېنىمگە داۋا؟…»

ئەي جان ئانا،
هايات دەرىخىگە سېلىپ بىر ئۇۋا
تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى
تېتىغاندا قانغۇچە تازا؛
كۆردۇم سۆزۈڭنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ.
تۆھمەتخورلارنىڭ
قىزىلكۆزلەرنىڭ
يامان كۆزدە قاراشلىرىدىن
ماڭدامدا قاپقانغا دەسسىتىش ئۈچۈن
خۇنۇك پۇچقاقتا ماراشلىرىدىن
ۋۇجۇدۇم كاچكۇلغا چۈشكەندەك گويا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شۇركەنگەندە غەزەپتىن تىترەپ؛
ئەسلەپ قالدىم ئەي جېنىم ئانا
كۇندە ئىسرىق سالغىنىڭنى
ھېلقى سۆزلەرنى مۇڭلۇق ھەجلەپ.
سۆزى يامانىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەم
دوستلىرىم مېنى كەتكەندە تاشلاپ؛
غېرىبانە كۆلبەمگە ئەلەم
تەنھالىقنى كەلگەندە باشلاپ؛
يېتىمسىراپ چۆلدە قالغاندەك
جان تۇۋرۇكۇمنى يۇلۇپ ئالغاندەك
تۆھمەت، ئۆسەككە تاپالماي ئامال
يۈرگىنىمدە بېشىمنى قاشلاپ؛
چۈشىنىپ يەتتىم ئاخىر جان ئانا
ئىسرىق سالغاندا دېگەن سۆزۈڭنىڭ
ھەقىقىي ـ چىن مەنىسىنى.
ئۆگىنىۋالدىم بەلكىم شۇ سۆزدىن
قانداق بېسىشنى
مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل ھاياتنىڭ
چىگىش، سىرلىق پەدىسىنى…

ئاھ، جان ئانا
يۈرەك قىنىڭنى كۆپ سىڭدۈردۈڭ ماڭا
بىراق خىزمىتىڭدە بولالمىدىم مەن.
ھەتتا سەكراتتا
يېنىڭدا بىردەم تۇرالمىدىم مەن.
ئاغزىڭغا تامچە سۇ تېمىتالمىدىم ھەم.
ئەسلىسەم شۇنى
چۇلغايدۇ قەلبىمنى ئاچچىق دەرد ـ ئەلەم.
ياتقاندىمۇ قاتتىق ئازابتا
ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئىڭراپ تولغىنىپ؛
نىمىندۇر ئېسىڭگە ئېلىپ
بىھوشلۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ؛
ئىنىم قولىغا ئېسىلىپ مەھكەم
پىچىرلاپسەن شۇنداق دەپ ئانا:
«چىش ئاغرىقىڭ كەتسە ساقىيىپ،
كۆز يۇماتتىم مەنمۇ خاتىرجەم.
دەپ قويى يەنە ئاكاڭغا، بالام،
يولغا قاراپ ماڭسۇن ئاۋايلاپ:
ئالالمايدىغان ئوخشايمەن، باقسام،

كەتسە تاپىنىغا تىكەن سانجىلىپ.
يىگەنسەنمۇ بۇ چاغقا تائام،
ئاھ، نەلەردە يۈرۈدىغانسەن،
قېنى سەن كەنجەم؟…»
سەكراتتىكى ئازابنى ئۇنتۇپ
ئۇنتۇپ ھەم ۋەھىمىلىك ئەجەلنى تامام؛
ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىڭدىمۇ
پەرزەنتلىرىڭنى ئويلاپسەن ئانا
يەنە ئۇلارنىڭ سۆيىدە ئېقىپ،
يەنە ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
يەپسەن شۇنداق غەم!…

ئاھ، جان ئانا،
سەن ياشىغان، بىزمۇ ياشىغان
ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بىزنى ساقلىغان
غېرىبانە كۆلبىمىز مانا
تېخىمۇ غېرىبسىنىپ قاپتۇ كۆز سالسام.
بىر بۇلۇڭدا ياتىدۇ غەمكىن

سەن ئىشلەتكەن سۇپرا، ئاشتاختا.
توپا بىسىپ قاپتۇ چاقنىمۇ،
مۇڭغا چۆكۈپتۇ ئەنە ئاق پاختا.
ئالسام ئىسمىگە كۆڭلۈم بولار غەش
مۇڭلۇق كۈيۈڭنى قىلالماس تەڭكەش
غۇيۇلدىغان چاقتا ھەر ئاخشام.
ھارغىنىڭنى بىلمەيمەن پەقەت،
ياغدۇرغىنىڭ مېھر ۋە شەپقەت،
ئۇنىڭ تامچىسىنى قىلالماس ئىزھار
بۇ گال قەلىمىم،
بۇ جانسىز ناخشام.

※ ※ ※

ئاھ، جان ئانا
يۈكۈنگىنىمدە قومۇشلار ئۆسكەن
ئاددىي قەبرەڭ ئالدىغا بۈگۈن
كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياش
يامغۇر كەبى تۆكۈلدى، بىلسەڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۆكۈلگىنى ياش ئەمەس ئەسلا،
يۈرەك قېنىم ئۇ، مۇجۇلغان داغدا،
ھەم بۇ چاغقىچە ھېچ ئېگىلمىگەن
چىنار قەددىم پۈكۈلدى، بىلسەڭ.
«جان ئانا!» دەپ تولۇلدىم مىڭ رەت،
ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭ پەقەت،
ھەسرەتتىن ئۆپكەم ئۆرۈلدى، بىلسەڭ.
ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمىدىم ھەم
ئويلاپ تەقدىرنى چۈشەنمىدىم ھەم
ھايات سەن ئانا،
ھايات سەن ئەبەد،
قەلبىمگە جىسمىڭ ئويۇلدى، بىلسەڭ!

※ ※ ※

ئاھ، جان ئانا
كەچۈرگىن مېنى،
ئاغرىنما مەندىن،
ئاخىرقى رەت سورايمەن سەندىن:

سۆيۈرگىلى ئايىنىڭ دىغىنى
ئاي يۈزىگە كەتتىڭمۇ كۆچۈپ؟
مېھىر ـ شەپقەتتە بىر ئۆمۈر يانغان
ئۆزۈڭدىن باشقىنى يورۇتۇپ قانغان
ھايات شامىڭ راست قالدىمۇ ئۆچۈپ؟...

1999 ـ يىل 12 ـ ئاي، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىنتىزارلىق

(بىر تەخسكەشنىڭ ئىنتىزارى)

بەگ غوجامنىڭ پايتىمىسى ئىپار پۇرايدۇ،
ھەر پۇرسام دىلنى تاتلىق ھېسلار ئورايدۇ.
قىلىۋالدىم ئەتىۋارلاپ ئۇنى قولياغلىق،
كىم ئەقدە باغلىيالار بەگكە مەن چاغلىق،
ئەپسۇس، غوجام خىيالىمنى قاچان سورايدۇ؟
دىققىتىنى زادى قاچان ماڭا بۇرايدۇ؟

2000 ـ يىل 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئۆتتۈق مۇشكۇل سىناقتىن

(ناخشا تېكىستى)

ھەمراھ قىلىپ ۋاپانى،
يىغىپ ھىجران، جاپانى؛
كەلدىڭ يارىم يېنىمغا،
تاپتۇق دىلغا داۋانى.

قايتۇرما:

يىغىپ ھىجران، جاپانى،
تاپتۇق دىلغا داۋانى.

ئالدۇق لەززەت پىراقتىن،
شەربەت ئىچتۇق بۇلاقتىن.
كار قىلمىدى ئىغۋالار،
ئۆتتۇق مۇشكۇل سىناقتىن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

قايتۇرما:

ئۆتتۈق مۈشكۈل سىناقتىن،
شەربەت ئىچتۇق بۇلاقتىن.

كۈمۈش تەڭگە چىچىپ ئاي،
قۇتلۇقلىدى خۇش چىراي.
ئامەت تىلەپ ـ قۇت تىلەپ،
گۈل شەبنەمدىن تۇتتى چاي.

قايتۇرما:

كۈمۈش تەڭگە چاچتى ئاي،
گۈل شەبنەمدىن تۇتتى چاي.

**2001 ـ يىل 3 ـ ئاي، بېيجىڭ.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۇچمە كۆكۈل ئەمەسمەن، بىراق

ئۇچمە كۆكۈل ئەمەسمەن، بىراق
ئىككى قىزغا تەڭ كۆيىدۇ يۈرەك.
لەيلى لەيلىدەك جازىبدار، زىبا،
غۇنچەم غۇنچىدەك گۈزەل، ئۈز، پورەك.

ئۇچمە كۆكۈل ئەمەسمەن، بىراق
ئىككى گۈلخان تەڭ يانار لاۋۇلداپ.
ئۆچۈرۈپ تاشلاي دېدىم بىرسىنى،
سۇ سەپكەنچە ياندى چاراسلاپ.

ئۇچمە كۆكۈل ئەمەسمەن، بىراق
تەڭقىسلىقتا بەك قاتتى بېشىم.
مېھرىم ئۈزۈلمەي ئىككى گۈلدىن تەڭ،
ئازابتا سەلدەك ئاقار كۆز يېشىم...

2001 ـ يىل 3 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# شور پېشانە ئاشىق

ئۆگزەڭگە چالما ئاتتىم كۆرەي دەپ
ئايدىڭدا ئايدەك چېھرىڭنى پەقەت.
كەچۈر، ئوماق قىز، تەنتەكلىكىمنى،
ئەقلىمنى ئېلىپ قاچتى مۇھەببەت.

ئىشكىلىڭ قىيا ئېچىلدى بىردىن،
يۈرىكىم ئويناپ كەتتى بىلىقتەك.
ئالا ئىت ئېتىلىپ چىقتى غەزەپتە،
قورقۇپ جېنىم قالدى تېرىقتەك.

ئويلاپ قالدىم ۋەھىمە ئىچرە،
چىقساڭچۇ ئۆزۈڭ شۇنداق ئېتىلىپ.
كەتمەسمىدۇق ئۇ چاغدا، دىلدار،
بىر جان - بىر تەن بولۇپ قېتىلىپ...

2001 - يىل 4 - ئاي، شىشۇاڭبەننا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شېرىن خىيال

قىسقۇالغان قىپقىزىل لالەڭ
يارىشىپتۇ چېكەڭگە ئەجەب.
جۇلالاپ چاقناپ تاڭدا چوغ كەبى
قوشۇپتۇ ھۆسن ساڭا ھەسسىلەپ.

ئەمما چىرايىڭ سولغۇن، پەرىشان،
چىرمىۋالغاندۇ قانداق غەم سېنى؟
بوستان كىرپىكلىك ئاھۇ كۆزلىرىڭ
غېرىبسىنغاندەك چىللايدۇ مېنى.

يارىشاتتىم مەنمۇ لالىدەك،
قىسقۇالساڭ قەلبىڭگە، رەنا.
قاچانغىچە تىنەر يۈرىكىڭ،
ئازاب دەستىدە مۇڭلىنىپ تەنھا؟

2001 ـ يىل 4 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ھەسرەت

باش كۆتۈرمەي ئۇتاۋەردىڭ ئۇت،
سوئالىمغا بەرمىدىڭ جاۋاب.
ئەتراپىڭدا بولدۇم پەرۋانە،
كۆزۈم تېشىلىپ تەلمۈرۈپ قاراپ.

يۈگمەچكە تولدى سېۋەتىڭ،
ئەمما كۆزلىرىم قالدى ئاچ پېتى.
شۇنچە كۈتسەم كەلمىدى ئەجەب
ئاي چېھرىڭگە قېنىش نۆۋىتى.

شۇدەم يۈرەك بېغىشىڭغا، يار،
يۈگمەچ كەبى قالدىم باغلىنىپ.
ئۆتەرمەنمۇ، ئاھ، ۋىسالسىز مەڭگۈ،
ئىشقىڭ ئوتىدا كۆيۈپ داغلىنىپ؟

2001 ـ يىل 5 ـ ئاي، بىرونى — دارىسسالام.

# ئۈمىدسىز ئارزۇ

قولۇڭنى تۇتقانغا يېتىم بىر كاچات،
ئىرغىتتى يىراققا مىنى ئىزا، غەم.
بىلدىمكى، قەلبىڭدە بازىرىم كاسات،
ئىزدەرسەن ئىشىق شامى ياندۇرغاندا يەم.
دەرد ـ ئازاب تېنىمنى چىرمىدى قات ـ قات،
تەسەللى يارامغا بىرەلمەي مەلھەم.

تالزارلىق، چىملىقتا تۈننى ئۆتكۈزدۈم،
يالقۇنلۇق كۆكسۈمنى نەم يەرگە يېقىپ.
پىچىرلاپ سىرىمنى ساڭا يەتكۈزدۈم،
تولۇنئاي، يۇلتۇزغا تەلمۈرۈپ بېقىپ.
چېھرىڭدىن ياغدى قار، تىترەپ شۈركۈندۈم،
تۈنجۈقتى ئۈمىدىم، كۆز يېشىم ئېقىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويلسام، بەرھەقسەن، چېكىپمۇ باقماي،
قېپتىمەن تەنتەكلىك تۇتۇپ قولۇڭنى.
يۈرىكىڭ قېتىغا ئاۋۋال ئوت ياقماي،
قاراقچى سىياقتا توسۇپ يولۇڭنى.
شۇراڭدىن بېغىڭغا شەربەت ئاققۇزماي،
بىسوراق ئۈزمەكچى بولۇپ گۈلۈڭنى.

ئەي قەلبىم پەرىسى، كەچۈرگىن بىر رەت،
ئالدىراپ ئارقىدا قالارمەن، بەلكىم.
كاچىتلىك ئۇلغايتقان ئاتەش مۇھەببەت
تەپتىدىن تېخىمۇ يانارمەن، بەلكىم.
كۆل بولسام ئارمىنىم يوقتۇر تا ئەبەد،
ئايىغىڭ، باغرىڭدا ياتارمەن، بەلكىم.

2001 ـ يىل 5 ـ ئاي، كورىيە ـــ خەنچىلىڭ.

# تاش يۈرەك يارغا

سرداشتىم، مۇڭداشتىم تۈندە ئاي بىلەن،
تاپالماي تەسەللى يۇتقىنىم ئازاب.
بۇلاقتا كۆرۈنگەن يۇلتۇز ئەكسىدەك
داۋالغۇپ، نۇرلىنىپ، كېتىسەن تاراپ.
دەردىمنى سۇغىرىپ ئاچچىق كۆز ياشتا،
تۆكمەن يەنە دەرد يۇلتۇزغا قاراپ.

ئاپاردى چىمەنگە ھېسلىرىم سۆرەپ،
ئەتىرگۈل يەتكۈزدى ھىدىڭنى، دىلدار.
لېۋىمنى تەگكۈزسەم بەرگىگە ئاستا،
تىكىنى ئالدى قان، رەھىم يوق زىنھار.
ئەلچىڭدىن بېشارەت بەرسەڭمۇ ئېنىق،
دىل يەنە خۇپسەنلىك قىلىپ چېكەر تار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

سۆزۈك سۇ بويىدا سۈردۈم كۆپ خىيال،
باغرىڭغا شىرنلداپ ئاقتىم مەن گويا.
ئېرىتىپ قار - مۇزلۇق چوققاڭنى سەلدە،
چاڭقىغان دەشتىڭگە ياقتىم مەن گويا.
ئويغاتتى سوغۇق سۇ تامچىسى چاچراپ،
يارامغا يەنە زىخ قاقتىم مەن گويا.

بىلگىنكى، كۈتكىنىم ئەمەستۇر شەپقەت،
تاش يۈرەك بولساڭ بول، سەندە ئىختىيار.
تىلەيمەن ھەققىي مۇھەببەت پەقەت،
ئامال يوق، دىل ئىشكىڭ بولسا ماڭا تار.
بولسىمۇ دىلغا يات قارغاش ۋە ھەسەت،
ئۆرتىنەر قەلبىم گەر تاپساڭ باشقا يار!

2001 - يىل 5 - ئاي، كامبودژا — جىنبيەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سەھرادا مۇھەببەت

شەھەردە شاللاقلىق بەزدۈردى مېنى،
كەلدىم چىن مۇھەببەت ئىزدەپ سەھرادىن.
ئۇندىدى يېلىنجاپ يۈرەكتە ئارمان،
تىزىشقا گۈلدەستە مېھىر — ۋاپادىن.

چال دېدى:
— مۇھەببەت نېمە، بىلمىدىم،
كەمپىرگە كۆيۈنۈپ ئۆتكەنلىكىم راست.
يىگىرمە يېشىدا بولغانتى پالەچ،
كۈنۈ تۈن جان تىكىپ كۈتكەنلىكىم راست.

شۇمىكىن مۇھەببەت، بىلمىدىم بالام،
تويغۇچە قولىنى تۇتۇپ باقمىغان.
جىگدىزار، تالزارلىق، ئۆستەڭ بويىدا،
لېۋىمنى لېۋىگە ھەتتا ياقمىغان...

مومايغا يېلىندىم،

دېدى موماي شاد:

— تويغۇچە مەن ئۇنى كۆرمىگەن ھەتتا.

ئاقمۇ ئۇ، يا قارا، ياخشىمۇ - يامان؟

تىلىگەن كۆڭلىگە ئىنساپ ۋە ۋاپا.

بېرىپتۇ خۇدايىم خىزىر دەك ئەرنى،

يۇك بولدۇم،

كۆتۈردى،

باقمىدى ۋايساپ.

خىجىلمەن، قالدى قەرز خوتۇنلۇق پەرزىم،

لېكىن ئۇ كۆڭلۈمنى ياسار ھەر دائىم،

شۇمىكىن مۇھەببەت، قالىمەن ئويلاپ…

ئۆتۈندۇم چىت كۆڭلەك كىيگەن بىر قىزدىن،

مۇھەببەت ھەققىدە توختىلىڭ دەپ كەڭ.

ئۇيۇلۇپ قاچتى ئۇ كېيىنەك كەبى،

مەگزىدە يانغان چوغ تاڭغا بەردى رەڭ.

سورىدىم چىت پوتا چىگگەن يىگىتتىن،
كۆلۈپ ئۇ كۆرسەتتى يېشىل دالانى.
ئاجايىپ جۇشقۇن كۈي ياڭرايتتى لەرزان،
ئۇلۇغلاپ ئېتىقاد، سۆيگۈ ــ ۋاپانى…

ئاھ سەھرا، ھەقىقىي سۆيگۈ دۇنياسى،
ۋىجداندەك ساپ ــ پاكلىق چاقناركەن سەندە.
ئۆتتى شوخ شاملىلىق سۈپۈرۈپ داغىنى،
ۋاپادىن ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ مەندە.

2001 ــ يىل 5 ــ ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى

# قولۇلە تېرىدۇ بىر بالا غەمكىن

قۇمسىمان قىرغاقنى يالايدۇ دولقۇن،
مەشۇقى لېۋىنى شوراپ سۆيگەندەك.
ئوينايدۇ رەڭدار نۇر ئۆركەشلەر ئۈزرە،
جىلۋىدار كۆكرەككە پىشىپ كۆيگەندەك.

تارتالماس زوقىنى گۈزەل مەنزىرە،
ساھىلنى كېزىدۇ بىر بالا غەمكىن.
قوڭۇر رەڭ تېنىدىن يانار نۇر ئەكسى،
قولۇلە تېرىدۇ چاپسان ۋە تەمكىن.

ساماۋى چۆچەككە ئۇستا مومىسى،
ئاغرىقتىن تولغىنىپ ياتقاندۇ بەلكىم.
دورىغا پۇل غەملەش ئۈچۈن بالىنىڭ
سەبىي، شوخ كاللىسى قاتقاندۇ بەلكىم.

يا تۈندە چۈشەپ ئۇ كىتاب، جىلتىنى،
سەھەردە ساھىلغا قويغاندۇ قەدەم.
پۈتلىشىپ راسخوتنىڭ بوسۇغىسىغا،
ئارقىغا يانغىنى بولغاندۇ ئەلەم.

قۇمسىمان قىرغاقتا ئۇرۇلار دولقۇن،
ساھىلنى كېزىدۇ بىر بالا غەمكىن.
قوڭۇر رەڭ تېنىدىن قايتار نۇر ئەكسى،
قۇلۇلە تېرىدۇ چاپسان ۋە تەمكىن.

2001 ـ يىل 8 ـ ئاي، بېيدەيخې.

# ئېچىل تەبىر

جاكارلىدى يېزا باشلىقى،
سېلىقلارنى ئازايتىمىز دەپ.
توققۇزغا چۈشتى توقسان خىل سېلىق،
دوپپىنى كۆككە ئاتتۇق تەبرىكلەپ.

ئۆڭدى چىرايلار،
چەكچەيدى كۆزلەر،
كەلگەندە يېتىپ يۇرتقا ئالتۇن كۈز.
ئۈچ يۈز كوي ئىدى توقسان خىل سېلىق،
ئەمدى توققۇزى بوپتۇ توققۇز يۈز.

2001 ـ يىل 9 ـ ئاي، بېيجىڭ.

www.uyghurkitap.com

# باللادا ۋە داستانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چۈش بېشارىتى

(باللادا)

## مۇقەددىمە

رەڭدار چۈشلەر تۈننى تاڭغا ئۇلىسا،
چوڭقۇر خىيال دەرياسىدا ئاقسەن.
بەزەن جۇدۇن دىل ھىجرانىدا ھۇۋلىسا،
بەزەن گۈزەل باھارغا لەۋ ياقسەن.

چۈشتىن مەڭدەپ قىلساڭ ئەنسىز تىلاۋەت،
چۈش قۇل قىلار مىنىپ شۇئان بوينۇڭغا.
تاپساڭ ئەگەر چۈشتىن تەدبىر، پاراسەت،
تۆكۈلگۈسى بەلكىم ئالتۇن قوينۇڭغا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

※ ※ ※

يۇرەرمىشمەن سەيلى قىلىپ كەڭلىكتە،
رەڭدار بۇلۇت، سۈزۈك سۇغا كۆز تاشلاپ.
ئۇدۇل مېڭىك دەيمىش قالسام تەڭلىكتە،
غالچام قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يول باشلاپ.

ماڭا ـ ماڭا كېلىپ قالدىم تۇيۇقسىز،
ئاسمانغا تىخ سانجىغان تاغ باغرىغا.
كۆكتە ساما سالغۇدەكمىش سانسىز قىز،
تەڭكەش قىلىپ يېقىملىق ساز ـ ناغرىغا.

تاغنىڭ ئۈستى يورۇپ كەتتى ۋاللداپ،
رەڭدار شەپەق بىردىن ئېتەك يايغاندەك.
ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدىم گاڭگىراپ،
يەر چۆرگىلەپ گويا بېشىم قايغاندەك.

ئالتۇن راۋاق چاقنار تاغدا كۆز چېقىپ،
گۈزەل ياردەك قوزغاپ مەيلىم ـ زوقۇمنى.

يۈرىكىمگە بايلىق ئىشقى ئوت يېقىپ،
چىققىن دېدى ئارتقا تاشلاپ قورقۇمنى.

تۇرسام خىيال دوقمۇشىدا پىرقىراپ،
چىقىلىك دېدى سادىق غالچام ـ مالايىمۇ.
چىقتىم ئاخىر يۇت ـ قوللىرىم سىرقىراپ،
بۇنچە ھەيۋەت بولماس ھېچبىر سارايمۇ.

تۆۋرۈكلىرى ئالتۇن ئىكەن راۋاقنىڭ،
ۋاسا جۇپلۇق پېشايۋىنى زۇمرەتتىن.
سانى يوقتۇر ئالتۇن لېگەن ـ تاۋاقنىڭ،
تېتىپ كۆردۇم كۇرمىڭ ئېسىل نېمەتتىن.

پاھ، ئۆزۈمنى شاھتەك سېزىپ گىدىيىپ،
كېزىپ چىقتىم ھەشەمەتلىك قەسىرنى.
يەلپۈپ ماڭدى غالچام خۇشخۇي ھجىيىپ،
مەن شاھ بولسام، ئۇ ئەسلىتىپ ۋەزىرنى.

هوجرا تامان باشلىدى ئۇ ئالدىراپ،
كۆز چاقاتتى بىر شاھانە چىملدىق.
قات ـ قات كۆرپە، ماھۇق ياستۇق، زەر چايشاپ،
دىلنى مەستخۇش قىلدى بۇندا ئىسسىللىق.

ـــ ئۇخلاڭ، ـــ دېدى غالچام ئۆتۈك سالدۇرۇپ،
ھارغىنىمدا باقتى بۇ گەپ دىلىمغا.
ـــ غوجىدار بول، ـــ دېدىم مەنمۇ خۇش بولۇپ،
ھەيران قالماي شېكەر تامغان تىلىمغا.

ملىك تەشەككۇر ئەيلىدى ئۇ تۆكۈپ ياش،
كۈچەپ يەلپۈپ، ئەللەي ئېتىپ توختىماي.
چېكىسىنى يېرىتۋالدى ئۇرۇپ باش،
بولدى قىلىك دېگىنىمگە ئۇنىماي.

مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىدىن ئېزىلىپ،
كىرپىكلىرىم تاتلىققىنا سۆيۈشتى.
كەچمىشلىرىم تۈرنا كەبى تىزىلىپ،
ئەسلىمىلەر ئوچىقىدا كۆيۈشتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

شاھتەك راھەت بۆشۈكدە تەۋرىنىپ،
قانچە ۋاقىت ئۇخلىدىمكىن، بىلمىدىم.
مىننەتدارلىق دەرياسىدا چايقىلىپ،
غالچام ئۈچۈن ئۈنچە سۈزدۈم، تىنمىدىم.

گۈلدۈر ـ غالاپ قىلدى بىردىن، ئامال يوق،
سۈندى چايشاپ، غۇلاپ چۈشتۈم تۆشەكتىن.
پۇت ۋە قولۇم باغلاندى چىڭ، ھايال يوق،
تېپىرلىدىم بوشىنالماي چۈشەكتىن.

نەدە قالدى، شاھانە تون، چىمىلدىق؟
نەگە كەتتى سادىق غالچام ـ جىرتىقىم؟
نەدە قالدى خانزادىلىق ـ ئىپسىللىق؟
قەست قىلغاندۇر زادى قايسى دۈشمىنىم؟

— نېمە ئىش بۇ؟
ئىس ـ دۈت پۇرقۇپ بىر يىلان
تولغىنىدۇ ئاچچىق تولغاق تۇتقاندەك.
كۈشۈلدايدۇ تىلىن سوزۇپ مەن تامان،
گىدىيىدۇ دەتتىكامدا ئۇتقاندەك.

تۇرار ياندا مايمۇنسىمان بىر مەخلۇق،
ئۆشنىسىدە جۇل - جۇل خۇرجۇن، ئابدالمۇ؟
كىپەنسىمان جەندىسىدە قان قۇسۇق،
ياپالماپتۇ ساغرىسىنى تامبالمۇ.

— نېمە ئىش بۇ؟
تۇرسام چۆچۈپ، تېڭىرقاپ،
كىردى يىلان ئۆزگىرىپ جىن سىياققا.
ۋايساپ كەتتى يەرگە تېپىپ ئىغاڭلاپ،
ئوخشار تۇرقى بوراندىكى قىياققا.

مايمۇنسىمان مەخلۇقمۇ بىر دومىلاپ،
ئوخشاپ قالدى سادىق غالچام جىرتاققا.
ئۇيان - بۇيان ئۆمىلەپ ئۇ تۆت پۇتلاپ،
دېدى:
— ئولجا كۆپرەك چۈشسۇن قىلتاققا!

نېمە ئىش بۇ؟
تورلاشتىمۇ يا كۆزۈم،
غالچام جىنغا سۇندى خەنجەر، يالتىراق.

دېدى:

ــ قىلماڭ ئاڭا رەھىم، چىن سۆزۈم،

ئۈزاتقايسىز جەھەننەمگە بالدۇرراق!

راستتىن غالچام جىرتاقمىدۇ بۇ مەخلۇق،

ئېزىپ ماڭا قىلغانمىدۇ خىيانەت؟

چۈشمەيتتىغۇ ئېغىزىدىن چىن دوستلۇق،

پىداكارلىق، سادىقلىق ۋە دىيانەت؟

ھەيۋە قىلىپ جىن ئۈينىتىپ خەنجەرنى،

ــ گۇناھىڭنى سۆزلە! ــ دېدى چىرقىراپ.

سوغۇق كۆلۈپ چىچىپ غالچام زەھەرنى،

ئويۇن كۆردى پەرۋاندەك پىرقىراپ.

نېمە دەيمەن گۇناھىمنى بىلمىسەم،

تۇرۇپ قالدىم زۇۋان سۇرمەي بىر ھازا.

دېدىكى جىن:

ــ يوقكەن سەندە قىلچە پەم،

ساڭا ھالال بېرىلسىمۇ چوڭ جازا.

دوست ـ دۈشمەننى ئايرىمدىڭ بىر مەھەل،
ئۆز بىشىڭغا ئۆزۈڭ چىقتىڭ ئاخىرى.
ياراتمدىڭ ئىپتسام شۇنچە كۆپ غەزەل،
تۇرسام داڭلىق ناخشىچىلار ماھىرى.

شۇ سەۋەبتىن قالدىم ساڭا ئۆچ بولۇپ،
كەلدى سىنى ئىزىقىمدا چاينىغۇم.
قاقشىسامۇ يۈرىكىمگە دەرد تولۇپ،
جىم تۇرمىدى ئىغىز، قولۇم، ئايىغىم.

بىراق سىنى چۇشۇرەلمەي قاپقانغا،
قانچە يىللاپ بولدۇم بىكار ئاۋارە.
ئاخىر ئۇچراپ ئالدىڭدىكى بۇ جانغا،
شۈكۈر دىدىم تىپىپ شۇنداق ئەپ چارە.

ئۇ ئۇچۇرسا سىنى ماختاپ، ئىشىنىپ،
قىلدىڭ ئۇنى ئۆز يېقىنىڭ، پۇت ـ قولۇڭ.
ئورا قازسا ئالتۇن قازدى دەپ بىلىپ،
ئىچكى سىرىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزدۇڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى

كۆزۈڭ تويماي چىقتىڭ تاغقا سوكۇلداپ،
ھاسىل قىلسام بىر خىيالىي مەنزىرە.
ئويلىمىدىڭ، يۇرسە غالچاڭ شاپاشلاپ،
قەپەس ئىدى، بىلسەڭ ئالتۇن پەنجىرە.

ساتتى غالچاڭ سېنى شۇنداق بەك ئەرزان،
باغلاپ بەردى تۇۋرۇكۇڭنى غۇلتىپ.
تۆھپە ئۇنىڭ، دېمە مېنى قۇۋ - يامان،
ئۇ ئالەمگە قوياي ئوبدان ئۇزىتىپ...

تىغ بىلدى توختاپ شۇم جىن سۆزىدىن،
شۇ پۇرسەتتە سەپسالدىمەن غالچىغا.
تونۇپ قالدىم تويماس چېقىر كۆزىدىن،
ئوخشايتتى ئۇ جادۇگەرگە، پالچىغا.

ئۆزگىرەتتى مىنۇت ئۆتمەي چىرايى،
گاھ قىزىلغا، گاھ قارىغا، گاھ ئاققا.
يەنە ھاسىل بولمىغاندەك مۇرادى،
تەمە بىلەن قارار ئىدى ھەر ياققا.

تونۇپ قالدىم بالا تەگكەن نەپسىدىن،
نەپسى ئۈنىڭ تېگى يوق ھاڭ، جىن غارى.
تونۇپ قالدىم شۇملۇق ياغقان ئەپتىدىن،
ھىيلە ـ نەيرەڭ، قۇۋلۇق ئىكەن جىن يارى.

سورىماپتىم كەلدىڭ دەپمۇ قاياقتىن،
قەھەتچىلىك بولدى دېسە يۇرتىدا.
كۆپ يېلىنغان قۇتقۇزۇڭ دەپ دوزاختىن،
زور ھېسداشلىق قوزغاپ جۇل ـ جۇل تۇرقىدا.

ئىچىم ئاغرىپ ماكان بەرگەن، نان بەرگەن،
تۆكۈلگەن ياش دۇمباق، جىرتاق كۆزىدىن.
ئاغرىغاندا دورا بەرگەن، قان بەرگەن،
ۋاپادارلىق چاقنايتتى ھەر سۆزىدىن.

دەسلەپتە ئۇ بولغان ماڭا پادىچى،
قويلىرىمنى باققان يايلاق، سايلاردا.
بولغان كېيىن مايلىغۇچى، تاقىچى،
ھېيت ـ ئايەم، خاسىيەتلىك ئايلاردا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خاپا بولسام ئورتاقلىشىپ دەردىمگە،
زار يىغلايتتى مۇسىبەتكە چۆككەندەك.
كۈلەر ئىدى شادلىق قونسا چېھرىمگە،
خۇددى پۇچۇق قاپاقتىن سۇ تۆككەندەك.

ئۇ يالايتتى ئۆتۈكۈمنىڭ چەمنى،
توققۇز تەزىم بەجا قىلىپ، پۈكۈپ بەل.
دەيتتى تېتىپ ئاش ـ تۈزۈمنىڭ تەمنى:
«يۈز ئۆرىسەم يۈتسۇن مېنى شۇم ئەجەل...»

مەن ئىشىنىپ مال ـ دۇنيانى ئۇنتۇزدۇم،
سۈردى دەۋران ئايىغىمدا ئۆملەپ.
خۇشامەتكە دىل مەيلىمنى ئۇنتۇزدۇم،
ھەق ـ راست گەپتىن چىچاڭشىدىم ھۆركىرەپ.

بىساتىمنى توشۇپ بولدى چاشقاندەك،
بارا ـ بارا قاچتى ئامەت قولۇمدىن.
سىيتىلىپتۇ جىنغا لالما تايغاندەك،
نەپ چىقمىغاچ چۆنتىكىمدىن، تولۇمدىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن قارايمەن بۇ غالچىغا نەپرەتتە،
ئەمدى تونۇپ يۈزىسىز، رەزىل ئەپتىنى.
ئۆرتىنىمەن پۇشايماندا، ھەسرەتتە،
ئۆلچەپ بولماس ئۆچلۈك ئوتى تەپتىنى.

ئۇ قارايدۇ قىلىپ مېنى مەسخىرە،
تارتىپ قويۇپ قىزىل قىڭغىر بۇرنىنى.
دەيدۇ تېخى:
ــ يازاي ئېسىل تەزكىرە،
ياخشى تاللاپ قەبرىگاھىڭ ئورنىنى...

پۇلاڭلاتتى ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقىنتىپ،
جىنمۇ تىغنى بىلەپ بولۇپ ئاڭغىچە.
تېرىسىگە سىغماي قالدى ماختىنىپ،
دېدى:
ــ غەمسىز ئۇخلا ئەمدى قانغۇچە...

غالچا تامان قاراپ بەردىم قىسىپ كۆز،
چۈنتىكىمدە ئالتۇن بار دەپ بىشارەت.

مەقستىمنى چۈشنىپ ئۇ قىلماي سۆز
كەلدى باشلاش ئۈچۈن يېڭى «تىجارەت».

ئېڭىشكەندە شاق تۈكۈرسەم يۈزىگە،
تۈكۈرۈكۈمدە قالدى دەرھال كۆمۈلۈپ.
بۇ كارامەت مۆجىزىنىڭ ئۆزىگە
نە دەي؟ قالدىم ھەيرانلىقتا چۆمۈلۈپ.

بۇندىن ئىلھام، غەيرەت ئېلىپ بىر كۈچەپ،
ئۈزۈۋەتتىم ئارغامچىنى ــ چۈشەكنى.
ئوڭدا چۈشتى شۇم جىن شۇئان ۋايجان، دەپ،
ئەسلىتەتتى رەڭگى سېرىق چېچەكنى.

دەرھال ئىرغىپ دەس تۇردۇممەن ئورنۇمدىن،
ئوڭ قولۇمغا ئۆتتى جىننىڭ خەنجىرى.
قورقار شۇتاپ ھەيۋەت مۇنار تۇرقۇمدىن،
جىنلا ئەمەس ھەتتا دىۋە لەشكىرى.

يالۋۇردى جىن ئايىغىمغا باش ئۇرۇپ:
ــ تىلەي سەندىن شۇ بىر قوشۇق قېنىمنى!

ئۇ قىلغاننى قىلماي دېدىم سەل تۇرۇپ،
ئىپلاس قاندا بۇلغىماي پاك تېنىمنى.

دېدىم:
— يوقال، كۆڭۈلنى ئال، قىلما قەس،
ئېسىڭدە تۇت، زورلاپ ساتما ناخشاڭنى.
نومۇسنى بىل، بولما ئانچە تېگى پەس،
كىم ئۇچرىسا تەڭلەپ يۈرمە نۇختاڭنى...

جىن قىزىرىپ تۆۋەن ئېگىپ بېشىنى،
تەزىم قىلىپ قاياققىدۇ يوقالدى.
غالچا تامان ئاتسام لەنەت تېشىنى،
غەزەپ، قىساس پىلتىسى تەڭ ئوت ئالدى.

ھېساب ئالاي ئۇنىڭدىن دەپ، ئاختۇرۇپ،
ملىڭ تەسلىكتە تاپتىم تۆكرۆك ئاستىدىن.
جەھەننەمگە كېتىپ قاپتۇ ياقتۇرۇپ،
پايدىلىنىپ ئەجەل ئاتلىق ۋاستىدىن.

غالچا هالى شۇكەن كۇچكە تولسمۇ،
بىر ەلمەسكەن بىر تۇكرۇككە بەرداشلىق.
هالاكەتتىن قۇتۇلالماس، بولسمۇ
هيلىسى كۆپ، ئىككى يۈزلۈك، مىڭ باشلىق!

## خاتىمە

چۇقان سىلىپ كۆزۈم ئاچسام ئويغىنىپ،
قارا بىسىپ قاپتۇ مىنى جاڭگالدا.
چۇشۇمدىكى چىگىش هالدىن تولغىنىپ،
خىيال - پىكرىم قالدى قات - قات قامالدا.

بىلسەڭ بۇ چۇش بىرەر شۇنداق بىشارەت:
ۋاپا كەلمەس خۇشامەتچى - غالچىدىن.
هەزەر ئەيلە، كۆرمەي دىسەڭ تالاپەت،
شىكەر تىللىق چايان دوستتىن - سالجىدىن...

1988 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر — ئارال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىز يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەببەت داستانى

## مۇقەددىمە

مۇھەببەت ئۇلۇغ، پاك ۋە مۇقەددەس،
لېكىن ئازابى ئۆلمەكتىن مىڭ تەس…

## 1 ـ باب. دەسلەپكى مۇھەببەت

يىگىت قىزنى دېسە پەرىشتەم،
قىز يىگىتنى ئاتايدۇ خۇدا.
خۇمالاشقان قىزنىڭ كۆزلىرى،
بالدىن تاتلىق يىگىت سۆزلىرى،
تەيياردۇر جاندىن بولماققا جۇدا.

تىپچەكلەيدۇ توسۇن تاي كەبى،
لەۋدىن شەربەت ئىچكەن يۈرەكلەر.
قىز يىگىتكە ئەنبەر پۇرايدۇ،
يىگىت قىزنى گۈلگە ئورايدۇ،
يۇلتۇز كەبى چاقنار تىلەكلەر...

## 2 ـ باب. تويدىن كېيىن

لاۋۇلدىغان ئوت ئاستا ئۆچۈپ،
كېتەر كۈلمۇ نەگىدۇ كۆچۈپ.
«جېنىم»، «ئامرىقىم» ئۆزگىرەر «سەن»گە،
سوغۇق ئېقىم تارقار بەدەنگە،
كۈتۈش ھاجەتسىز يولدىن ملكً ئۆتۈپ.

غاز ـ غۇزغا تەگكەش بوۋاق يىغىسى،
ياستۇقتا ھەمراھ زەردە پىلتىسى.
«پەرىشتە» قولى چۈشمەس ياقىدىن،

«خۇدا» تەسەللى ئىزدەر ساقىدىن،
گويا سۇسىز چۆل ھايات دىلىتسى...

## 3 ـ باب. قىرىلىق يېتىكىندە

ئاتىلار بوۋاي «ئۆلمىگۈر قېرى»،
دەيدۇ بوۋايمۇ: «سا باش، تۇر نېرى! ...»
كوتۇلداشلاردىن سىقىلار يۈرەك،
ئەلەملىك ياشقا لىق تولار ئېتەك،
سۆكۈلگەن تۇگەل كۆڭۈل ئەستىرى.

ياشلىق چاغلىرى چۈشسە ئېسىگە،
ئاھ ئۇرۇپ تاڭنى ئۇلار كېچىگە.
بىرىنى «تۈلكە»، بىرىنى «تاپ» دەپ،
ئۆزئارا ئۆلۈم تىلىشىر خەپلەپ،
ھەسرەت، پۇشايمان تولۇپ ئىچىگە ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

ناباب ھەممىگە بىر تاياق، بىراق
سۆيگۈ بابىدىن ئەمەس كۆپ يىراق…

1992 ـ يىل 3 ـ ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىبرەت

(داستان)

## مۇقەددىمە

ئېيتار ئىدى مومام چۆچەك ـ رىۋايەت،
قىلىپ پەسلىك ـ رەزىللىكتىن شىكايەت.

ھەر ئاخشىمى ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ قانمايتتىم،
كىرپىكلىرىم جۇپلەشسىمۇ ياتمايتتىم.

سىرلىق ئۆڭكۈر، ياۋۇز دىۋە، ئۇچار ئات،
مەرد شاھزادە، ئاي مەلىكە، خىزىر زات؛

چۈشلىرىمگە پات ـ پات كىرىپ تۇراتتى،
ھاياجاندا قەلبىم مەۋج ئۇراتتى.

بىراق چۈشۈم مەنتىقسىز، چۇۋالچاق،
يازدا قىلىن قار كېچەتتىم قولتاق.

تووۋا دەيتتىم، قانداق چۈش بۇ، تېتىقسىز؟
يا بېشى يوق، يا ئايىغى، ئېنىقسىز؟

«مەنتىقىلىق چۈشنى بەلكىم چۈش دېمەس،
بىمەنە دەپ ئەيىبلەشكە بولماس، بەس.

ئاڭلىمىدىم قويۇلدى دەپ چۈشكە چەك،
ئەركىن چۈشەي، چىقارماڭلار شاخ ـ چېچەك ...»

ئۆز ئۆزۈمگە بەرسەم شۇنداق تەسەللى،
غايىبتىن بىر ئاۋاز دېدى: «خوپ، بەللى!»

كۆرۈپ قالدىم شۇنداق چۈشنى بۈگۈنمۇ،
ئوقۇرمەنگە قالدى سىرلىق تۈگۈنمۇ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر يادرىسى

※ ※ ※

تاغ ئىچىدە تەنھا كېتىپ بارىمەن،
خىيالىمدا ئۇيۇل تاغنى يارىمەن.

جىن بەند قىلغان جان دوستۇم بار ئۇ يەردە،
ئازابلىنىپ چىرقىرار ھەر سەھەردە.

چاقناپ تۇرغان مىسران قىلىچ قولۇمدا،
داجىمايمەن ھاك بولسىمۇ يولۇمدا.

جىن ئۇۋىسى قاراڭغۇ غار ئىچىدە،
نەرە تارتىپ بۆسۈپ كىردىم كېچىدە.

جىننى باستىم كۆكۈلدىن چىلك تۇتۇپ،
ئۇ دېدىكى:
— سۆزۈم ئاڭلا جىم تۇرۇپ.

بۇ ئاغىنەڭ ئىنسان ئۇچۇن چوڭ ئاپەت،
شۇڭا ئۇنى بەند قىلغانمەن تا ئەبەد.

ئۆز بېشىغا بالا بولۇر بىر كۈنى،
ھەزەر ئەيلە،
ئىسىڭدە تۇت سەن شۇنى ...

كاپىشىدىك دەپ جىن ئاغزىنى قىلدىم قان،
جىن باش چايقاپ سوغۇق كۈلۈپ ئۆزدى جان.

چېقىپ شۇئان قوش زەنجىرنى شىددەتتە،
جان دوستۇمنى دەس تۇرغۇزدۇم ھۆرمەتتە.

ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتىم شادلىنىپ،
ئۇ چالۋاقاپ كەتتى ماڭا، دادلىنىپ:

ـــ نېمە ئۇچۇن قۇتقۇزمايسەن بالدۇرراق،
توخۇ يۈرەك سەندەك دوستتىن تويدۇم جاق! ...

ـــ خاپا بولما، جىننى يېڭىش تەس ئىكەن،
تاپىنىمغا سانجىلدى كۆپ زىخ ـ تىكەن.

يەڭدىم ئاران ئۈچ يىلغىچە ئېلىشىپ،
يەڭنى تۇرۇپ، بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ ...

جان دوستۇمنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپ،
ھۆرلۈك بەردىم ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ.

تەك يايرىدۇق گۈزەل تاغدا، دالادا،
بېلىق تۇتتۇق، گاھ سۇ ئۈزدۇق دەريادا.

دوستۇم پات ـ پات ئۆيدىن يوقاپ كېتەتتى،
بۇ ئىش بەزى كۆڭلۈمنى غەش ئېتەتتى.

ھەقەمسايەم كەلدى ئاخىر زار قاقشاپ:
ـــ قوي سوياتتۇق يېسە دوستۇڭ گۆش، كاۋاپ.

لېكىن دوستۇڭ ئالىدىكەن پاچاقتىن،
قۇتقۇز بىزنى ئۆزۈڭ تاپقان چاتاقتىن ...

باقسام ئۇنىڭ پاچىقىدىن قان تامار،
چېھرى سامان، كۆزلىرىدىن ئوت يانار.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەتىسمۇ كەلدى خەقلەر دۈپۈرلەپ،
ئىللاپ كەتتى مېنى تۇرتۇپ، دۈشكەللەپ.

تويۇپ كەتتىم قۇتقۇزغانغا دوستۇمنى،
ئازلىق قىلار تەتۈر سويسام پوستۇمنى.

※ ※ ※

يار لېۋىدە ئاستا كېتىپ بارىمەن،
خىيالىمدا قىلنى قىرىق يارىمەن.

بىر تىۋىشنى ئاڭلاپ باقتىم ئارقامغا،
دوستۇم كېلىپ ماختاپ ئۇردى دولامغا:

— سەن كارامەت ئادەم جۇمۇ، بەك ئۇلۇق،
تالانتىڭغا قول قويىمەن مەن تولۇق ...

ئۇ شۇنداق دەپ سىلاپ كەتتى يۈزۈمنى،
مەستخۇش بولۇپ يۇمۇۋالدىم كۆزۈمنى.

ئىتتەردى ئۇ مېنى كۈچەپ تۇساتتىن،
موللاق ئاتتىم ئۇمىد ئۈزۈپ ھاياتتىن.

شۇركەندۈردى سوغۇق كۆلكە تېنىمنى،
بىلمەيتىمەن قەستلىسە ئۇ جېنىمنى.

جىن ئەرۋاھى كېلىپ مېنى مىلك تەستە
تۇتۇۋالدى ھالك تېگىگە يەتمەستە.

«ئويغان!» دېدى مېنى يەرگە دەسسىتىپ،
غايىب بولدى ئۆز سۆزىنى ئەسلىتىپ.

پۇشايماندا يىغلىۋەتتىم ھۆركىرەپ،
چىقىپ كەتتى بوران بىردىن گۈركىرەپ.

※ ※ ※

دوستۇم بىرەر ئەدەپ بىلەن سالامنى،
قەسەم قىلار تىلغا ئېلىپ كالامنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

بىلەلمىدىم، خۇدۇكسىنىپ قالدىمۇ؟
گۇناھىنى يا بويىنغا ئالدىمۇ؟

ھېجايغانچە ئالدىمنى ھەم تورايدۇ،
مەن نېمىگە ئوخشايمەن، دەپ سورايدۇ.

دەيدۇ تېخى:
— ئوخشامدىمەن تۇلپارغا؟
ئوخشامدىمەن ياكى بۇركۈت - شۇڭقارغا؟

سوئالىڭغا قانداق بېرەي جاۋابنى؟
كۆيدۈرەرمەن ئازسام زىخ يا كاۋاپنى.

بىر قاراشتا كۆرۈنسەن ئىنساندەك،
زەن سالغاندا كۆرۈنسەن تايغاندەك.

كۆرۈنسەن گاھ بۆرە، گاھ تۈلكىدەك،
ئۆزگىرەرسەن مىنۇت ئۆتمەي كۈلگىدەك.

شۇنداق تۇرساڭ قاي نېمگە ئوخشتاي؟
قاتتى بېشىم، ئەپلىك جاۋاب تاپالماي.

بەلكىم مەندىن ماختاش سۆزى كۈتەرسەن،
«ۋاپادار» دەپ تارىخىڭغا پۈتەرسەن.

ئۇۋال، قالسام راستىنى دەپ بالاغا،
چېتىلىپ ھەم يېپتەك چىگىش دەۋاغا.

ۋىجدان سېتىپ قىلاي دېسەم يالغان گەپ،
بولماپتىكەن ماڭا نېسىپ بۇنداق ئەپ.

نېمە قىلاي؟
قويدۇق مېنى تەڭلىكتە،
يول تاپالماي مەڭدەپ قالدىم كەڭلىكتە ...

※ ※ ※

شۇ سوئالنى سوراپ قالدىڭ بۈگۈنمۇ،
ئازاب چېغى يېشىلمىسە تۈگۈنمۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارىيسى

نېملىكىڭ قاراڭغۇمۇ ئۆزۈڭگە؟
كۆپتىن بېرى ھەيرانمەن شۇ سۆزۈڭگە.

قىستاۋەردىلىڭ، دەپ بەرسەممۇ دەپ بېرەي،
قۇسۇرۇڭنى تۈزىتىشكە نەپ بېرەي.

چىرايلىق سەت بولسا كۆرمە ئەينەكتىن،
قولۇڭ قىڭغىر بولسا رەنجىپ جەينەكتىن.

جان دوستۇم دەپ گەپ ئالسەن تۈيدۇرماي،
ئاندىن چىشلەپ نەپ ئالسەن تۈيدۇرماي.

قىرقىدىڭكىن قانچە دوستۇڭ پېيىنى،
ئاش - تۈزىنى يەپ ھەم ئىچىپ چېيىنى.

ئادەم گۆشى لەززەتلىكمۇ شۇنچىلىك؟!
نېمە تاپتىڭ چىشلەپ - غاجاپ بۇنچىلىك؟!

قان قۇسامسەن ئۆملەپلا تۇرمساڭ؟!
غاجاش ئۇچۇن چۆرگىلەپلا تۇرمساڭ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتىن
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئويلا ـ ئويلا، تاپتىم ئادىل، نەق جاۋاب،
تونۇسۇن ئەل، ئەمدى ساڭا ياپماي قاپ.

دېدىم ئاخىر:
— ئىتقا بەكرەك ئوخشايسەن،
ئېيت، چىشلەشتىن زادى قاچان توختايسەن؟

بىردىن ئۆگۈپ، كەلدىڭ ئىتتەك ئېتىلىپ،
— بۇ ماڭا چوڭ ھاقارەت! — دەپ، چېچىلىپ.

تارتقۇشلىدىڭ، ئۇيان ـ بۇيان سۆرىدىڭ،
قۇسۇر ئىزدەپ ئۆمۈر بېتىم ئۆرىدىڭ.

لۆجە چىقماي قالدى بولغاي قولۇڭغا،
تىللاپ ـ قارغاپ كېتىپ قالدىڭ يولۇڭغا.

بىر بالادىن قۇتۇلدۇم دەپ بولسام خۇش،
ئىتلار مېنى قورشىۋالدى قويماي بوش.

سىرىق بىر ئىت دېدى ماڭا چالۋاقاپ:
— ئېيتقىنا سەن، نائىنساپمۇ، ئالقاپ؟

كۆزۈڭ يوقمۇ؟
ئاق - ئاق قارنى ئايرىماي،
بىر تاياقتا ھەيدەيسەنغۇ قارىماي.

ئوخشتامسەن بىزنى شۇنداق ئادەمگە؟!
تىرىك تۇرساق ساز چالامسەن ماتەمگە؟!

ئىقرارمىزكى، ئېۋەن بىزدە ئاز ئەمەس،
قاۋىشىمىز قوپال، ئانچە ساز ئەمەس.

ئىنسانلاردەك پاراسەتلىك ئەمەس بىز،
سۆز - ھەرىكەتتە لاتاپەتلىك ئەمەس بىز.

ئايرىيالماي ئەمەلدار كىم، پۇقرا كىم،
خىجىللىقتا چۆمۈلىمىز بىز دائىم.

بىز بىلمەيمىز مەنسەپ نېمە، پۇل نېمە،
ئۆكچە يالار خۇشامەتچى ـ قۇل نېمە.

بىز بىلمەيمىز خەقنى دەسسەپ ئۆرلەشنى،
تىلىمىزنى ياغدا مايلاپ سۆزلەشنى.

بىز بىلمەيمىز ئالدام ـ ھىيلە سىرىنى،
نەپ ئېلىشنى كولاپ تىرناق كىرىنى.

بىز بىلمەيمىز دوستنى سېتىپ خەجلەشنى،
چېقىشتۇرۇپ، قاپقان قۇرۇپ ئەپلەشنى.

بىراق بىزدە باركى ئىنساپ، دىيانەت،
دىلىمىزغا مەڭگۈ ياتتۇر خىيانەت.

سۆڭەكنى دەپ يۇشتىمىزدىن تانمايمىز،
ئەقىدىمىز، لەۋزىمىزدىن يانمايمىز.

جان كەتسىمۇ قوغدايمىز ئۆي ـ ماكاننى،
قاتىرمايمىز ھەريان، كۆزلەپ بىر ناننى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى

تۈزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقمايمز ،
ئار ـ نومۇسنى سىتىپ پالاز قاقمايمز.

ئاچتىن ئۆلسەك ئۆلىمزكى بىز تامام،
پاچاق چىشلەپ گال باقمايمز بۇلغاپ نام.

ئابرۇي، ۋاپا بىزگە جاندىن ئەتىۋا،
چىقارمايمز دوستنى قەستلەپ پەتىۋا.

ئۆي بەرگەننى قوغلىمايمز تالاغا،
ئاش بەرگەننى تىقمايمز ھەم بالاغا.

نەپرەت ئىچرە ئۇزۇپ ئارسىز ياشاشتىن،
ئۆلۈم ئەلا دەپ كېچىمىز بىز باشتىن.

ئۇچۇ؟
ھەتتا بىزدىن ئاداپ تالشار،
پايخۇن كۆرسە تىك تاغقىمۇ يامشار.

جىن پۇل بەرسە ئاتىسىدىن تانار ئۇ،
ئاق سۈت بەرگەن ئانىسىنى ساتار ئۇ.

نەپسى بالا، كۆڭلى قارا، ئىچى تار،
پەقەت نەيرەڭ، ھىل - ھىيلىنى قىلغان يار.

قاراپ تۇرۇپ ساڭا تۆھمەت چاپلايدۇ،
ماڭدامدا بىر ئورا كولاپ باپلايدۇ.

تېنىۋالار مىنۇت ئۆتمەي سۆزىدىن،
ساختا - قۇۋلۇق چىقىپ تۇرار كۆزىدىن.

ۋىجدان نېمە، ۋاپا نېمە، بىلمەيدۇ،
ھەر خىل رەڭدە ئالداشنىلا كۆزلەيدۇ.

ئۆتتۈۋېلىپ چۇۋۇپ تاشلار كۆۋرۈكنى،
ئۆيدىن چىقسا كۆيدۈرىدۇ تۈۋرۈكنى.

ئۇنداقلاردىن مىڭ ياخشىدۇر ئىت دېگەن،
ئىت بىلىدۇ ياخشىلىقنى خوپ بەلەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

بىزنى ئاڭا تەك قىلغىنىڭ نېمىسى؟!
ئۆرۈلدىغۇ دىلدا تاقەت كېمىسى!

كەلتۈر تېزدىن نامىمىزنى ئەسلىگە،
تىل تەگكۈزمە ۋاپادار ئىت نەسلىگە!

راستىڭنى ئېيت، تويغان بولساڭ جېنىڭدىن،
ھېساب ئېلىپ، مەي ياسايمىز قېنىڭدىن! ...

باقسام شۇ تاپ ئىتلار پەيلى بەك يامان،
لام ـ جىم دېمەي قاچتىم بەدەر ئېلىپ جان.

يىتتۇالدى شۇنچە چاققان قاچسامۇ،
تالاپ كەتتى كۆچەپ پەشۋا ئاتسامۇ ...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# خاتىمە

قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ،
ئەلەم بىلەن كەتتىم ئاچچىق تولغىنىپ.

ئىنتقا ئۇۋال قىلغىنىمدىن ئۆكۈنۈپ،
ناماقۇللۇق خېتى يازدىم يۈكۈنۈپ.

ئالغاي ئىبرەت ئىنتقا يەتمەس ئادەملەر،
ئېشىپ بارغاي مەرد، ۋاپادار ھاتەملەر!

1996 ـ يىل 6 ـ ئاي، بېيجىڭ.



مەسئۇل مۇھەررىر : تۇرغۇن داۋۇت
مەسئۇل كوررېكتور: قەلبىنۇر ياسىن

# شورپېشانە ئاشىق

(شېئىرلار)

**مۇھەممەت ئىمىن**

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2008 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1230 × 880م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 9.5
سانى : 2000 ـ 0001
باھاسى : 25.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-09366-3/I.1929 (维280)

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

倒运的恋人：维吾尔文/穆罕默德·伊明著. 一北京：民族出版社，2008.6
ISBN 978-7-105-09366-3

Ⅰ.倒... Ⅱ.穆... Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 081528 号

---

**出版发行：** 民族出版社 http://www.c56.com.cn
**社　　址：** 北京市和平里北街 14 号 邮编：100013
**电　　话：** 010-64290862（维文室）
**印　　刷：** 民族印刷厂
**版　　次：** 2008 年 7 月第 1 版
2008 年 7 月北京第 1 次印刷
**开　　本：** 880×1230 毫米 32 开
**印　　张：** 9.5
**印　　数：** 0001-2000 册
**定　　价：** 25.00 元
ISBN 978-7-105-09366-3/I.1929 （维280）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مۇھەممەت نەۋبەت

ISBN 978-7-105-09366-3

9 787105 093663 >

定价:25.00元